
1990/9
ياچپيكا تۇرمۇشى

# چياۋشى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى



7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى چياۋ شى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ھەمراھلىقىدا، تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تومۇز ئىسسىققا قارىماي، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى ۋە تارىمنىڭ شىمالىدىكى نېفىت بۇرغىلاش نەق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىشچىلار، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە زاۋۇتلارنىڭ سېخلىرىغا بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

چياۋ شى مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى مۇقىم ئىكەن، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەردە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپتۇ؛ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن چياۋ شى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتكە يولداش ۋاڭ ئېنماۋ قاتناشتى.

مىڭ خۇڭگۇي، لى يۇڭۋاڭ فوتوسى










## «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» مەۋجۇت ئەمەس



مىللىي باراۋەرلىك مەسىلىسىدىكى ئەڭ چوڭ خاتا قاراش — مەملىكىتىمىزدىكى رېئال مىللىي باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ مۇنداق سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە، بولۇپمۇ شىنجاڭدا خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر باراۋەر ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەتلەر كەمسىتىلىۋاتىدۇ، ھەتتا ئېزىلىۋاتىدۇ، قۇل قىلىنىۋاتىدۇ، دېگەن قاراشنى كىم ئوتتۇرىغا قويىدى؟ ئۇنى مەملىكەت سىرتى ۋە ئىچىدىكى سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ ئاقنى قارا قىلىپ، پاكىتلارنى ئىنكار قىلىپ، بىزدىكى مىللىي باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مەقسىتى — مىللىي مەسىلىدە گەپ پەيدا قىلىپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللەتلەر ئارا قارىمۇ قارشىلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. . . مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭدىكى مىللىي مۇناسىۋەت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بىزدە «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» مەۋجۇت ئەمەس. تارىختىن قېلىپ قالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى پەرقلا مەۋجۇت. كۆپچىلىك شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىكى ۋە ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئېلىمىزدە ۋە شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىيات سەۋىيىسىدە پەرق بار، لېكىن بۇ خىل پەرق زورىيىپ ئويىيىكتىپ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئوخشاشلا باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى چەكلەپ قويۇش دەرىجىسىگە يەتكىنى يوق. مەملىكىتىمىزدە «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» مەۋجۇت ئەمەس، بۇنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسى دېيىش كېرەك.

(يولداش جانابىلنىڭ «ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 15 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى»دىن ئېلىندى)

ياچېيكا تۇرمۇشى (ئايلىق ژۇرنال) 1990 - يىل 9 - سان




جكپ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات،
تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا
نەشر قىلىندى
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا
نەشر قىلىنىدۇ.
ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.


| | |
|---|---|
| تەشۋىقاتچى | پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ توغرا بولۇشى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە …… ۋاڭ ئېنماۋ 4<br>مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشتۇرماي يەنىمۇ ياخشى تۇتۇش كېرەك …… سۇڭ خەنلياڭ 6<br>پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ياخشى تۇتايلى …… شۈي شاۋجىڭ 15 |
| بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى | مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش كېرەك …… ق. ئىمىر 17 |
| پارتىيە قۇرۇلۇشى | ئارقىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئەرتىپكە سېلىپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرايلى …… 22<br>ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى …… ما شاۋفېڭ 24 |
| پارتىيە دەرسى | پارتىيىگە ئىدىيە جەھەتتىن كىرىش تەربىيىسىنى بوشاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ …… ج. مەگلىك 26 |
| ياچېيكا خىزمىتى | مۇقىملىق ئەنجە ۋە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى …… ئا. مۇھەممەدى 29 |
| گۈل ۋە تىكەن | ئامراتلارنىڭ غەمگۈزارى (ئوت پارچە) …… 32 |
| خىسلەتلىك كوممۇنىستلار | خىسلەتلىك كوممۇنىست، ئىرىشچان شۇجى …… ئا. ئىگەمبەردى 34 |

«ياچىيكا تۇرمۇشى» رېداكسىيىسى نەشرگە تەييارلىدى.

ئومۇمىي 319 - سان

● شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى؛
● مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN65 — 1003/Z
● مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛
● ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ؛
● ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 - قورا؛
● تېلېفون: باش ئاپپارات 77524 تارقىتىش 698. 829؛
● ۋاكالەت نومۇرى: 42 - 58؛ باھاسى 0.50 يۈەن؛ پوچتا نومۇرى: 830003.


| | | |
|---|---|---|
| پارتىيىگە ئىنتىلگۈچىلەر كۇلۇبى | پارتىيىگە كىرىشنى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن سوئال - جاۋاب .......... | 37 |
| ئەرمىلەر | لى زويخۇەن بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى ئەنقىد قىلدى (ئون پارچە) .............. | 38 |
| تارىخ ۋە شەخس | پارتىيىمىزنىڭ بىر قانچە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى .................. جاڭ يۈن | 42 |
| ئۆگىنىش گۈلزارى | سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشتە دائىم ئۇچرايدىغان بەزى چىگىش ئۇقۇملارنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشى .............................. ر. يۈسۈپ | 44 |
| قانۇن مەسلىھەتچىسى | يوللۇق قوغدىنىش دېگەن نېمە؟ يوللۇق قوغدىنىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر قانۇني جازاغا تارتىلامدۇ؟ .............................. ئا. توختى | 47 |
| ئىسلاھات ساداسى | ۋاكالەتچى ئىشچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .............................. تىلى شۈشىن | 50 |
| پەن ۋە تۇرمۇش | نويۇسنىڭ كۆپىيىشى تېزگىنلەش بىلەن تۇتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە .............................. ن. ئەخمەت | 51 |
| خەت ساندۇقى | پەككە سودا - ساناتەتچىلەرنىڭ ئاساسلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى قايسىلار .............................. ن. ۋاھت | 55 |
| دۇنياغا نەزەر | سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇكتوكلۇق تۈزۈمى .................. چىن جيەنجاڭ | 56 |
| بوغدا | ماۋ زېدۇڭ ۋە تۇنىڭ كانىپى تيەن جيايىڭ .................. پاڭ شيەنژى | 58 |
| ئەينەك | ھەجۋىي رەسىملەر .............................. | 64 |

# پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ توغرا بولۇشى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە

ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 15 ـ ئومۇمىي «كېڭەيتىلگەن» يىغىنىدا

قىلىنغان سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ۋاڭ ئېنماۋ

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، بىز ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق، ئەڭ زور، ئەڭ ياخشى ئۈنۈم شۇ بولدىكى، بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردۇق.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، بۇنى تارىختىكى، رېئاللىقتىكى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تولۇق پاكىتلار قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدى. لېكىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە بىرلىككە كەلمىدى. بۇ، رەھبەرلىك ۋە خىزمەت جەھەتتە ساقلانغان ئەڭ ئېغىر مەسىلە.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا بارلىق يىغىنىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭدىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى كۆپ بولدى، لېكىن بۇنىڭدىكى ئەڭ تۈپ، ئەڭ ئاساسلىق ساۋاق قايسى؟ مېنىڭچە، بۇ يەنىلا شۇكى، خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇش بىرلىككە كەلمىدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە بىرلىككە كەلمىدى، شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە يېزىلارغىچە تولۇق ئەمەلىيلەشمىدى. بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىپ، شۇنچىۋالا ئېغىر زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ، ئەڭ تۈپ، ئەڭ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ مۇشۇ يېرىدا ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى. ئەگەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولسا، مۇشۇنداق ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ساقلانغىلى بولامتى ـ بولمامتى؟ مېنىڭچە، ساقلانغىلى بولاتتى. ساقلانغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، مۇنچىلىك ئېغىر زىيان بولمىغان بولاتتى. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۈچىنىڭ چوڭ بولغانلىقىدىن يۈز بەرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار رەھبەرلىك ۋە خىزمەت جەھەتتىكى سەۋەنلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ كەتكەن. بىز سەۋەنلىك سادىر قىلمىغان بولساق، ئۇلار توپىلاڭنى قوزغىيالمايتتى، ھېچ بولمىغاندا، توپىلاڭنى قوزغىشى ناھايىتى تەسكە توختايتتى.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭدىن ئىبارەت يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭدىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش كېرەك؛ يەكۈنلىمىگەندە، يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ.

1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 17 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، مىللىي مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندىمۇ، مەن تارىختا، رېئاللىقتا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوبيېكتىپ

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك پاكىتلىرىغا ئاساسەن، شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ خىزمەت يىغىنىدىمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدىم. لېكىن شىنجاڭدا ئاساسىي خەۋپنىڭ ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدىغانلىقىغا ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش لازىملىقىغا بولغان ئىدىيىۋى تونۇش خېلى ئۇزاققىچە بىرلىككە كەلمىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بۇ قېتىمقى كېڭەيتىلگەن يىغىندا بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەندىن كېيىنلا، بۇ ئىدىيىۋى تونۇش بىرلىككە كەلدى. بۇ، بۇ قېتىمقى يىغىندا ھاسىل قىلىنغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈم، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور ۋە چوڭقۇر.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا 800 دىن كۆپ يولداش قاتناشتى ۋە سىرتتىن قاتناشتى، بۇ 800 دىن كۆپرەك يولداش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىكى تايانچلار. بۇ 800 دىن ئارتۇق يولداش مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىگە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى، بۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ مۇشۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، بۇ ئىدىيىۋى تونۇشنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دەرىجمۇ دەرىجە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە تېخىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭدىن چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك فاڭجېن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، بۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئۇنىڭ خەۋپىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ھەممەيلەن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرمىساق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىغىلى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بۇيان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولامدۇ؟ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى بولامدۇ؟ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، پۈتۈنلەي بولمايدۇ.

شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش لازىم، دېگەن بۇ مەسىلىدە، ئىدىيىنى، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى قەتئىي ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشى لازىم.

# مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي يەنىمۇ ياخشى تۇتۇش كېرەك

ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 15 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلاتنىڭ 3 - قىسمى

سۇڭ خەنلياڭ

(1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنچىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەقەنىڭ بىزگە قالدۇرغان ساۋىقى چوڭقۇر، ئۇ بىزگە نىسبەتەن بىر قىممەتلىك جانلىق سىنىپىي كۈرەش دەرسى بولدى. بىزنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي يوشۇرۇن خەۋپنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، مۇقىملىقنى تۇتۇش نىشانىمىزنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. بىز بارىن يېزىسىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كېيىنكى يېرىم يىلدا ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئوردە ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم.

## 1) مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، دېگەن يېتەكچى ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، سىنىپىي كۈرەش مۇئەييەن دائىرىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. نۆۋەتتە بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىنىش شەكلى. بۇ كۈرەش ئەزەلدىن توختاپ قالغىنى يوق. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ - كىچىك كېلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىرلىشىپ ئۆزئارا دوست تارتىشىپ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، پۇرسەت ئىزدەپ، ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەردى. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن كۈچ سىنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بارىن يېزىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئەمەلىيىتى 1988 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 -، 14 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - سانلىق يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرىشىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن جەمئىيەتنى كەينىگە چېكىندۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش، بۇ كۈرەش ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدۇ، بەزى چاغلاردا ئۆتكۈرلىشىپ، كەسكىنلىشىپ

كېتىدۇ. بۇ ۋەقەنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يەتمەيدىغان بولساق، ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. ئەگەر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، بىزنىڭ شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرگەن 40 يىللىق شانلىق نەتىجىلىرىمىز بىراقلا نابۇت بولىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى قايتىدىن ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالىدۇ. شۇڭا بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئېغىرلىقىنى، خەۋپىنى مانا مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مەۋقەنى شەھەر، يېزىلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ئاممىسى ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا قويۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئېچىپ تاشلىشىمىز لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەدېسلا مىللەت ۋە دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، «ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش» ۋە «ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ ئىنتايىن زور دەرىجىدە قۇترىتىقۇلۇق ۋە ئالدامچىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇلار پانتۈركىزم، پان ئىسلامىزمنى جېنىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز»، «كاپىرلارغا قارشى تۇرىمىز»، «شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىشقا قارشى تۇرىمىز»، «پىلانلىق تۇغۇتقا قارشى تۇرىمىز»، ۋە ھاكازالار دەپ جار سالدى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش. بىز خەلقنى ئىشتىياقلاندۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، دۈشمەننى يېتىم قالدۇرۇش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دەلمۇ دەل تاقابىل تۇرۇپ، كۆپلىگەن پاكىتلار ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ نىقابىنى ئۈزۈل - كېسىل يىرتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز لازىم.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات - سەنئەت، نەزەرىيە، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى بولۇپ كەلدى. ئەمما سىياسىي خاراكتېرلىك خاتالىق بار بەزى كىتاب - ژۇرناللار، ماقالىلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتتە ناھايىتى يامان سىياسىي تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىدىيەدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ماركسىزملىق مىللەت قارشى بىلەن بۇرژۇئاچە مىللەت قارشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ناھايىتى كەسكىن بولۇپ كەلدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق كۈرەش قولغا قىلىچ - مىلتىق ئېلىپ كۈرەش قىلغاندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. خۇددى ماۋجۇشىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئومۇمەن بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلاشقا، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىنقىلابىي سىنىپ شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھامان كەڭ تۈردە بۆلگۈنچىلىك ھەققىدە جامائەت پىكرى تەييارلايدۇ. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پائال قانات يايدۇرۇشىمىز، تۈرلۈك خاتا ئىدىيەلەرنى تەنقىد قىلغاندا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈشىمىز، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشىمىز كېرەك. ئاساسىي قانۇنغا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا خىلاپ كېلىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قەتئىي تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك؛ بۇرژۇئاچە مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەر، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر، ئەدەبىيات - سەنئەت

نۇقتىئىنەزەرى، دىن نۇقتىئىنەزەرى قاتارلىقلارنى پاكىت قويۇش، داۋلى سۆزلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ، تەنقىد قىلىپ ۋە تەربىيە بېرىپ، شۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش، تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. ئاخبارات، نەشرىيات، نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلارغا بولغان رەھبەرلىكنى، نەشر قىلىنىدىغان كىتابلارنى تەكشۈرۈش، ئۆتكەلنى ئىگىلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ جەمئىيەتكە، خەلق ئاممىسىغا زىيان يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

مەملىكەت سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن، بىز بىر قولىمىزدا چېگرا ئىچىدىكى يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىش كۈرىشىنى تۇتۇشىمىز، يەنە بىر قولىمىزدا چەت ئەلنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشىمىز، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇكەممەل بىرلەشمە مۇداپىئە سىستېمىسىنى قۇرۇشىمىز كېرەك. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە، قورال - ياراقلارنىڭ ئېقىپ كىرىشىگە، تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشىگە، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشىمىز لازىم.

بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن سىياسىي كۈرەش بولۇپ، دۈشمەن بىلەن بىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. دەلىل - ئىسپاتى ئېنىق بولغان، مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان ۋە توپىلاڭ قوزغىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قانۇن بويىچە قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇلارغا قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. ئۇلارغا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە، چوقۇم ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە تايىنىش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بۇرۇن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئاساسلىق قوشۇن بولغانىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشىنىش ۋە تايىنىش — بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى.

### 2) پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتتۇق، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇق، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق ۋە قۇردۇق، دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە باردى - كەلدى پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردۇق. دىنىي جەھەتتىكى ئۆي - مۈلۈك سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق ھەمدە قانۇن ۋە سىياسەت بويىچە دىننى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلدۇق، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدىدۇق، قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇردۇق، چەت ئەللىكلەرنىڭ سىڭىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا تاقابىل تۇردۇق، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەردە ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پائال قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى بولدى.

لېكىن ھازىر شىنجاڭدا دىنىي جەھەتتە بەزى ئېغىر مەسىلەرمۇ ساقلانماقتا، بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ جەھەتتىكى مەسىلەر، ئاساسلىقى، مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

يېزىلاردا دىنىي ئاڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى ئېغىر دەرىجىدە چۈشەپ قويۇۋاتىدۇ ھەمدە پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىز ۋە كادىرلار قوشۇنىمىزنى چىرىتىۋاتىدۇ. دىنىنىڭ بىزدىن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىشى ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مەسچىتلەر بارغانسېرى كۆپ سېلىندى، بارغانسېرى ياخشى سېلىندى، مەسچىتلەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغانلار ۋە روزا تۇتىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇ، ئاممىنىڭ دىنىي ئېڭىنى ناھايىتى كۈچەيتىۋەتتى. نۇرغۇن جايدا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەتراپلىق، توغرا ئىجرا قىلىنمىدى، ئاممىدا دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بولمىدى، دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلار ياكى دىنىي پائالىيەتكە قاتناشمىغانلار كەمسىتىلدى، چەتكە قېقىلدى، نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئۆزىنىڭ يېتىم قېلىشىدىن، شۇنداقلا بالا - چاقىلىرىنىڭ كەمسىتىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، دىنىي پائالىيەتكە ئامالسىز قاتناشتى. بەزىلەر تەستىقتىن ئۆتكۈزمەيلا ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ (كۇرس) لەرنى ئاچتى، بۇنىڭ بىلەن دىندا ئوقۇيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى بەزى جايلاردا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بەزى جايلاردا مەسچىت ۋە دىنىي كەسپىي خادىملار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن مەجبۇرىي ئۆشرە - زاكات ئالغان، بەزىلەر ھەتتا ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ پۇل - مال يىغقان، ھەتتا پارتىيىلىك كادىرلاردىنمۇ يىغقان، بەزى ئاخۇنلار تالىپلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، بەزى جايلاردا دىن ئاشكارا ھالدا ئاممىنىڭ مەدەنىي - كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىپ، ئاممىنى كىنو، تېلېۋىزور كۆرگىلى قويمىغان. دىن نىكاھقا ئارىلىشىش ئەھۋالى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئېغىر بولغان، پىلانلىق تۇغۇتقا ئارىلىشىش ۋە قارشى تۇرۇش ئەھۋالىمۇ ناھايىتى ئېغىر بولغان، ھەتتا دىن ئاساسىي قاتلامنىڭ سايلام خىزمىتىگىمۇ ئارىلاشقان.

دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئۇلار چەت ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە باشقا دۈشمەن كۈچلەر بىلەن دوست تارتىشىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكنى جىنىنىڭ بارىچە قوزغاپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، زوراۋانلىق ۋاستىسى بىلەن كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ مەسىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

دىنىي جەھەتتىكى مەسىلەرنىڭ ساقلىنىشىدا كۆپ تەرەپتىكى ئامىللار بار. خىزمەتلىرىمىزدىن تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، بىرىنچىدىن، يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى، مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، دىنىي مەسىلىنى ھەقىقىي تۈردە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتالمىدۇق. بولۇپمۇ سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى دىنىي مەسىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىمىز كەمچىل بولدى. ئىككىنچىدىن، قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇشىمىز كۈچلۈك بولمىدى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا ماركسىزم - لېنىنىزمچە ئاتېئىزم ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كۈچلۈك بولمىدى، بۇنداق تەشۋىقات يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلامدا ئاساسىي جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلمىدى.

تارىخىي ۋە رېئال كۈرەش تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە دىنىي مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەسكىن ھەم كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى چوقۇم دىنىي خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق ئىجرا قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى لازىم. پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە ئىش تەقسىماتى بويىچە دىنىي خىزمەتنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇشى لازىم، دىنىي ساھەدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زىچ ماسلىشىپ، دىنىي خىزمەتنى بىرلىكتە ئوبدان ئىشلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كادىر تولۇقلاپ، دىنىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىش كېرەك. ھەر قانداق ۋاقىتتا كەڭ ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش كېرەك. شۇنداقلا كەڭ ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش كېرەك. نۆۋەتتە نۇرغۇن جايلاردا، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئاممىدا دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ياكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ئەركىنلىكى بولماسلىقتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ئەركىنلىكى بارلىقىنىمۇ نۇقتىلىق ھالدا تەكىتلەش كېرەك. ھەر قانداق كىشىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىغان ئادەملەرنى كەمسىتىشىگە، ئۇلارنى چەتكە قېقىشىغا ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. قانۇن، سىياسەت ۋە ئەمر - پەرمانلار بويىچە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. بىكار قىلىنغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازنى، ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر جەزمەن ئاساسىي قانۇن، قانۇن، ئەمر - پەرمان ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دىننىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، مەدەنىيەت، نىكاھ ئىشلىرىغا ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا، شەخسلەرنىڭ تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي ئۆزئالدىغا دىنىي مەكتەپ (كۇرس) ئېچىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرۇشنى، بۆلگۈنچىلىك قىلىشنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە قۇترىتىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئىشلار تارماقلىرى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش ياكى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا بولمايدۇ، ئاممىغا سىلىق سېلىپ ئىئانە يىغىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. دىنىي مەزھەپ مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ھەر قايسى دىن، ھەر قايسى مەزھەپ تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ھىمايە قىلىشى كېرەك.

ھازىر بار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دىنىي خادىملارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېغىر مەسىلىسى بارلارنىڭ داۋاملىق دىنىي ۋەزىپە ئۆتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك،

دىنىي كەسپىي خادىملارغا سىياسىي، تۇرمۇش جەھەتتە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە پائال ئورۇندا ھەمكارلىشىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىلىش لازىم.

كەڭ ئاممىغا ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىدىغان، نېمىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قىلىش كېرەك. كەڭ خەلق ئاممىسىغا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، تەبىئەت ھادىسىسى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇشى، ئۆلۈشى ۋە بەخت - سائادەتلىك بولۇشى، بالاقازاغا ئۇچرىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. مەكتەپلەردە ئاتېئىزم دەرسى تەسىس قىلىش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئاتېئىزم تەربىيىسىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ ئۆتۈش كېرەك. مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلىشى، ئوقۇغۇچىلارغا پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپ، ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئىشىنىش مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئېلىمىز پۇقرالىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىغا باب كەلمەيدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى لازىم. ئۇزاقىچە ئۆزگەرتمىگەنلەرنى پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈش كېرەك. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىكى كونا پارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ دەم ئېلىشقا چىققان پارتىيە ئەزالىرىغا تەشكىل سىياسىي جەھەتتىن، تۇرمۇش جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ئاسرىشى، پارتىيە ئەزالىرى ۋاپات بولغاندا، شۇ ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم.

چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش لازىم.

دىندىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغان ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچىلەر ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنى بىخ ھالىتىدىلا يەنچىت قىلىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

## 3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، يەنە كېلىپ چېگرا رايون. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئاچقۇچى؛ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى.

40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى خاتالىقلار ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى

ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، كەڭ ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. ھەممە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە كۆپلىگەن ئىلغار كوللېكتىپ، نەمۇنىچى شەخسلەر بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، بىر - بىرىگە ئىشىنىپ، بىر - بىرىنى قوللاپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۆرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىدۇ، بىز ئىلگىرىكى خىزمەتلىرىمىز ئاساسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى داۋاملىق قەتئىي بوشاشماي ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم.

بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈچەيتىشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كۆپچىلىكنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ئاڭلىق ھالدا ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بويىچە كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ھەر قايسى تارماقلار مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، يېتەرلىك ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىرى بولسا يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي سىياسەتكە خىلاپ مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

مىللەتلەر ئارا، جايلار ئارا، ئورۇنلار ئارا يۈز بەرگەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يادروسى، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تايانچ كۈچ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلار مەيلى شۇ يەرلىك بولسۇن، مەيلى باشقا جايدىن كەلگەن بولسۇن، مەيلى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولسۇن ياكى خەنزۇ كادىر بولسۇن، ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك زور مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىسىگە ئالغان. ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلىرى ئۆزئارا ئىشىنىشى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئۆزئارا قوللىشى، ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا بىرلىكتە تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى لازىم.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سىياسىي كىلىماتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بەزى كادىرلار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ قالدى ۋە يامراپ كەتتى. بىر قىسىم ياش - ئۆسمۈرلەرمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇنداق ئىدىيىدىكى ئادەملەر كۆپ ھاللاردا مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدى، ھەتتا بىر مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويىدى. بەزىلەردە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش ئىدىيىسى بولغاچقا، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بەزى سۆزلەرنى تارقاتتى، بەزىلەر مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشلىرىغا قارىتا قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولدى، ۋەھاكازالار. بۇ ئىدىيىلەرنىڭ زىيىنى ناھايىتى چوڭ، شۇڭا، ئۇنى ئەستايىدىل تونۇش كېرەك. بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك دوست - دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، ئىككىسىنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ، لېكىن بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشلىق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق. ئەگەر بىز بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارىتا ھوشيار بولمىساق ياكى بۇنداق ئىدىيىنى ئۆزگەرتمىسەك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئاساسەن يەنىلا ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى. شۇڭا، ئۇنى ئاساسلىقى سۆز بىلەن قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش، تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھەل قىلىش كېرەك. بىز سىياسىي جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈش پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خاتا ئىدىيىنى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە ئىلغار شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك.

## 4) ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى، ئاساس سېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك

(دوكلاتنىڭ بۇ قىسمى ژۇرنىلىمىزنىڭ 8 - سانىدا بېرىلگەن)

## 5) كادىرلار — مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى

بىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدا مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشتىكى تەجرىبىلىرىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىرەر رايون، بىرەر تارماقنىڭ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ۋە باشقا خىزمەتلىرىنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىنىشىنىڭ ئاچقۇچى كادىرلاردا.

ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەر مىللەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى چوقۇم مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشى لازىم. مۇقىملىقنى تۇتۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچى. بىز چوقۇم باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇل بولۇشىمىز، تۇتۇشقا ۋە باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى ئاشۇرالماسلىق — نۇۋەتتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ياكى چىقالمايدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگە.

سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ. ھازىرقى كۈرەش ۋەزىيىتىدە بىز كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى بويىچە ئەستايىدىل سىنىشىمىز ۋە تەربىيىلەپ تاللىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەت ۋە كەسپنى پىششىق بىلىشى لازىم، لېكىن ئۇلار ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى كۈچلۈكلەردىن بولۇشى لازىم. كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى ئىچىدە، ئەڭ مۇھىمى — سىياسىي ئۆلچەم. بىزنىڭ كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشى، قەتئىي ھالدا مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىردەك بولۇشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇشى، پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، ئومۇمنىڭ خىزمىتىدە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىشى لازىم. بىز مانا مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە كادىرلارنى تاللاپ تەربىيىلىشىمىز، مۇنەۋۋەرلەرنى دادىللىق بىلەن تاللاپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇشىمىز، ئەمەلىي كۈرەشتە چېنىپ قالغان، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى قەتئىي تەڭشىۋېتىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى ئاساسىي رەھبىرىي يولداشلار كادىرلار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى، كادىرلار خىزمىتىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇشى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قەتئىي ماركسىزمچىلارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز پارتىيە ۋە خەلق ئۆزىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى، خىزمەت ئىقتىدارىنى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۈستۈرۈشى لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش — نۆۋەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى، جۈملىدىن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مەيدان، ئۇقتىسنەزەر ھەم ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

# پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل ياخشى تۇتايلى

[illegible]

يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئىنتايىن ئاچچىقلىق پەيتتە تۇرماقتا. چۈنكى، بىرىنچى، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى ھەمدە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە كەينى كەينىدىن ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئىككىنچى، بىر مەزگىلدىن بۇيان، مەملىكەت ئىچىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى؛ ئۈچىنچى، ئۇزاقتىچە يولداش جاۋ زىياڭنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ۋاز كېچىش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى بوشاشتۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پارتىيە ئىچىدە ئىدىيىدە قالايمىقانلىشىپ كەتتى، تەشكىل ساپ بولمىدى، ئىستىل توغرا بولمىدى، پارتىيىنىڭ يادرولۇق رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇڭا، بىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە جىددىيلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش كېرەك. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ھەمدە ئەمەلىيلىك بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىش، قەتئىي تەۋرەنمەي سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىدە پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، چىرىك ئىدىيىلەرنى تازىلاپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ بولغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان مەسىلىلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، بيۇروكراتلىق، سۇبيېكتىپچىلىق ۋە بۇيرۇقۋازلىق ئىستىلىنى تىرىشىپ تۈگىتىش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلاردا توغرا مىللەت قارىشى ۋە «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، كوممۇنىزملىق ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش، دىنىي ئىدېئولوگىيىدىن ئادا - جۇدا بولۇش كېرەك. ئىنتايىن مۇھىم بولغان يەنە بىر تەرەپ باركى، ئۇ بولسىمۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار نىشانلىق ھالدا ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تاللاپ ئوقۇشى، رەھبەرلىك ئىگىنى كۈچەيتىشى، ئىلمىي دۇنيا قاراش مېتودولوگىيىسىنى تىرىشىپ ئىگىلىشى كېرەك.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش

كېرەك. تەشكىلىي قۇرۇلۇشنىڭ يادرولۇق مەسىلىسى — رەھبەرلىك بەنزە، رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسى. پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن بىكىتكەن كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش فاڭجېنى ئىلمىي مەنىگە ئىگە بولغان، تۈز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان كادىرلار تۈزلىچىمى، شۇڭا، ئادەم تاللاش، ئىشلىتىش، تەربىيلەش جەھەتتە باشتىن - ئاخىر مۇشۇ تۈلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ماركسىزمغا سادىق بولغان كىشىلەرنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇش لازىم. كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش»تە ئەڭ مۇھىمى ئىنقىلابىيلەشتۈرۈش، كونكرېت ئېيتقاندا، بىرىنچى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىگە سادىق بولۇش؛ ئىككىنچى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش؛ ئۈچىنچى، ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق ئالدىدا باشتىن - ئاياق پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتى تەرەپتە تۇرۇش لازىم.

پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتە، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنىمۇ ياخشى تۇتۇش كېرەك. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش — كومپارتىيىنىڭ باشقا ھەر قانداق سىياسىي پارتىيىلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر مۇھىم بەلگىسى. «پارتىيە خەلقتىن ئايرىلالمايدۇ، خەلق پارتىيىدىن ئايرىلالمايدۇ.» بۇ جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدا ئىسپاتلانغان، پارتىيە بولمىسا، خەلقنىڭ بارلىقى بولمىغان بولاتتى. پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ، ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» پارتىيىمىزنىڭ ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغۇسى، بىز بۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا ياخشى تونۇمىغا ئېرىشتۇق، ياخشى بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. بۇ پەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ ھەمدە كەڭ ئاممىۋىلىقا ۋە ئىلمىلىككە ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز گۈللەپ روناق تاپىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ مۇشۇ يەردە.

پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئاچقۇچ پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى ۋاستە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا. نۆۋەتتە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى قىبلىنامە قىلىپ؛ سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەربىيلەش، تەرتىپكە سېلىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭىدىغان قۇدرەتلىك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، تەشكىلىي جەھەتتە، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ كومپارتىيىگە، سوتسى- يالىزمغا قارشى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش كېرەك

● قۇتلۇق ئىمىن ●

بىزنىڭ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن، شۇ جۈملىدىن مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىز سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. بۇنىڭدىكى يادرولۇق مەسىلە — كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم يولى مەسىلىسى.

ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئارقىسىدا، سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە، نەزەرىيىدىن ئەمەلىيەتكە، بىر مەملىكەتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كۆپ مەملىكەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئايلانغانلىقى ھەم ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكى دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ زور ۋەقە بولدى. ئېلىمىز ئۇزاق فېئوداللىق جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئېلىمىزنىڭ نىجاتلىق يولى قايسى؟ قانداق قىلغاندا دۆلەتنى ۋە مىللەتنى بۇ قۇللۇق ۋە خورلۇقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ؟ «مەيلى شۇ چاغدىكى گومىنداڭ بولسۇن ياكى باشقا بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سىياسىي گۇرۇھلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى دۆلەتنى ۋە مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تاپالمىدى ۋە تاپالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جۇڭگونى قۇتۇلدۇرۇش يولى جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا خەلققە كۆرسىتىپ بەردى» («دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دىن). پارتىيىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئېلىمىز يېڭى دېموكراتىزم ئارقىلىق سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۆتتى. بۇ — ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. دېمەك، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئېلىمىزدە ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇشى، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى — ئېلىمىز جەمئىيىتى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي تاللىشى، شۇڭا ئۇنى ھېچقانداق كۈچ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ھەر قانداق ئۇرۇنۇش چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك تۈزۈم خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىغا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى قويۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يوقىتىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇردى. بۇرۇنقى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى. ئەلۋەتتە، «ئاغدۇرۇلۇش،...... ئاغدۇرۇلغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئازاپ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش» (ماۋزېدۇڭ: «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا»). شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار قولىدىن كەتكەن «جەننىتى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆزلەپ، ئۆزاقىچە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، بۇرۇن ئۇلار ئۈچۈن ئەسقاتقان تۈرلۈك «پانا جايلار» دىن ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا لېنىن: «ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار كونا شەيئىلەرنى تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن قانچىكى جان تىكىپ قوغدىسا، پرولېتارىياتمۇ ئۆزىنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلىرىنى

ئۇلارنىڭ ئاخىرقى پانا جايلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كونا يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشنى...... شۇنچە تېز ئۆزگىنىشۋېلىشى كېرەك» دېگەنىدى («كونا شەيئىلەرنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەنلەر ۋە يېڭى شەيئىلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلار»). مىللەتچىلىك ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك — پومىشچىك ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ لېنىن ئېيتقان ئاشۇ «ئاخىرقى پانا جايلىرى» نىڭ، ئەڭ جاھىل «قورغان» لىرىنىڭ بىرىسى. ئۇلار بۇرۇن مىللەت ۋە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزلىرىنى مىللەتنىڭ «ۋەكىلى»، دىنىنىڭ «قوغدىغۇچىسى» قىلىپ كۆرسىتىپ، مىللەتچىلىك ۋە دىنىي خۇراپاتلىقتىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشتا پايدىلىنىپ كەلگەنىدى؛ ئېلىمىزدە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مۇشۇ «پانا جاي» دىن پايدىلىنىپ، پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىز بىلەن قارشىلىشىپ كەلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئەيسا گۇرۇھى، دالاي گۇرۇھى ۋە باشقا بۆلگۈنچى كۈچلەر ئېلىمىزدە ئاغدۇرۇلغان پومىشچىك، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ جاھىل ۋەكىللىرى، شۇنداقلا ئۇلار خەلقئارادىكى جاھانگىرلىك ۋە باشقا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مالايلىرى. ئۇزاقتىن بۇيان، بۇ مالايلار خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئارقا تىرەك قىلىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدا ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا جاھانگىرلىكنىڭ كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى دولقۇنىنىڭ كۈچىيىشىگە ماسلاشقان ھالدا ئۇلار دۆلىتىمىزگە قاراتقان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى، مەملىكەت ئىچىدە ئەدىگەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش تەتۈر ئېقىمى ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

ئالتىنچى، ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ئەنە شۇنداق ئىچكى-تاشقى شارائىتتا يۈز بەردى ھەمدە ئۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىدى. بارىن يېزىسىدىكى زەيدىن قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر ئوچۇقتىن-ئوچۇقلا: «سوتسىيالىزمغا ئىشەنمەيمىز»، «سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىمىز» دەپ چۇقان سېلىشتى. تولىمۇ كونا جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرمىگەن، ئەكسىچە، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ نېمىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئاشۇنداق ئۆچمەنلىك قىلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى دىنىي ئېتىقادىنى ئەمەس، بەلكى ئۇچىغا چىققان دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى يېتەكچى قىلغان ئەكسىيەتچىل مەيدانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان: «ئاللا يولىدا جەڭ قىلىپ، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، كاپىرلارنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇش» دېگەن ئەكسىيەتچىل شوئاردا ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. كۆرۈۋېتىمىزكى، بۇ ئەكسىيەتچىل شوئاردا پان ئىسلامىزم (دۇنيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى، مەيلى ئۇ قايەردە، قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمدە، قانداق سىياسىي مەۋقەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئۆز» ھېسابلاپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىشنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى «كاپىر» ھېسابلاپ، ئۇلارنى يەكلەش ۋە چەتكە قېقىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل ئېقىم) يېتەكچى قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەۋقەسى بويىچە، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا سوتسىيالىستىك يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى قانداقتۇ «كاپىرلار» نىڭ «تىزگىنلىشى» دەپ قارايدىغانلىقى، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، «ئاللا يولىدا»غازات (جاھات) جېڭى قىلىپ، ئاتالمىش «ئازادلىق

ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش»نى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىرىنچىدىن، لېنىننىڭ بۇرۇنلا كۆرسەتكىنىدەك، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى كىشىلەردە جۈملىدىن سوتسىيالىزم دەۋرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەردىمۇ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدۇ، ئۇنى پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەر بىلەن كىشىلەرگە داۋاملىق سىڭدۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا سەل قارىلىدىكەن، سوتسىيالىزمغا يات بولغان، ھەتتا سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان تۈرلۈك ئىدىيىلەر كىشىلەر ئارىسىدا يامرايدۇ، ئۇ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ئەمىن بولۇشىغا چوقۇم خەۋپ يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ بارىن ۋەقەسىنى ئەينەك قىلغان ھالدا بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دىنىي ئەسەبىيلىك، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك، بولۇپمۇ پان ئىسلامىزم مۇقەررەر ھالدا سىياسىي جەھەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل مەسىلە چەكلەنمىگەن ۋە تۈزىتىلمىگەن جايلاردا، بارىن يېزىسىدا بولغاندەك، «ئاللا يولىدا غازات جېڭى قىلىش»نى كۆزلىگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭلارنىڭ يۈز بېرىش خەۋپى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىز مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشىمىز يەنى ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا باش كۆتەرگەن دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى تۈزىتىشىمىز، پان ئىسلامىزمغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، جامائەت تەشكىلاتى ۋە شەخس پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىماسلىقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتمەسلىكى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەرگە يول قويمايدىغانلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن. دىننى نىقاب قىلىۋالغان بىر تۈچۈم مىللىي بۆلگۈنچىلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بۇ بەلگىلىمىلەرگە پىسەنت قىلماي، پۇقرالارنى ھەتتا كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا زورلاش، ئۇنداق قىلمىغانلارنى كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلەش بىلەنلا قالماي، كومپارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى «غازات جېڭى» قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل مەقسىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان «ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش» كە ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى قانۇن تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ.

سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغۇچىلار مۇقەررەر ھالدا، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر مەيلى قايەردە، قايسى ۋاقىتتا، قانداق نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسۇن، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قانداقتۇ چوڭ مىللەتنىڭ كىچىك مىللەتلەر ئۈستىدىكى «ھۆكۈمرانلىقى» ياكى ئۇلارنى «ئېزگىنلىشى» دەپ كۆرسىتىپ، تۈرلۈك ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرىدىن، جۈملىدىن دىنىي ئەسەبىيلىكتىن پايدىلىنىپ، ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى پارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، تۈرلۈك يوللار بىلەن تارقىتىلغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەرغىپ قىلىنغان بەزى تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر كۆرۈلگەنىدى. بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدىكى بىر تۈچۈم مىللىي بۆلگۈنچىلەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دېگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ئۆز ئەزالىرى

ئىچىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەكسىيەتچىل شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىمىزدىن رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىدىغانلىقى ۋە پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىدى. بىز بۇ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ماركسىزملىق پارتىيە تەلىماتىنى يېتەكچى قىلىپ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئوبدان ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ماركسىزملىق پارتىيە تەلىماتىنىڭ پارتىيە سىنىپىي، سىياسىي تەشكىلات دېگەن قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ پارتىيىنى مىللىي تەركىب ۋە دىنىي ئېتىقادقا قاراپ ئايرىيدىغان سەپسەتىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك. ماركسىزملىق پارتىيە تەلىماتى بىزگە شۇنى ئۆگىتىدۇكى، پارتىيە — مەلۇم سىنىپ، تەبىقە ياكى گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەم شۇ سىنىپىي مەنپەئەت يولىدا كۈرەش قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلات. دېمەك، سىنىپىلىك — پارتىيىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى. مۇشۇ مەنىدە لېنىن: «پارتىيىلەر كۈرىشى — سىنىپلار سىياسىي كۈرىشىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ روشەن ئىپادىسىدۇر» دېگەنىدى («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 660 ـ بەت). بىزنىڭ پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ ئېلىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى ئىكەنلىكى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ خاراكتېرىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى. بۇرژۇئازىيە ئۆز پارتىيىلىرىنىڭ سىنىپىلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇ پارتىيىلەر ھامان ئۆزىنى پۈتۈن خەلق، پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىپ كىشىلەرنى ئالدايدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆزى قۇرغان ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتنى «ئىسلام پارتىيىسى» دەپ ئاتىۋېلىشىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى نامىنى ئالداش ئۈچۈن ئىشلەتكەن نەيرەڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ قىلمىشى كۆرسەتتىكى، بۇ ئاتالمىش پارتىيىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ «ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش»، «كاپىرلارنى يوقىتىش» ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش»نى مەقسەت قىلغان ئاتالمىش پارتىيىنىڭ كىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئاممىغا ئېنىق تونۇتۇپ، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ «ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش»، «كاپىرلارنى يوقىتىش» دېگىنى — ئۆزىنى چاغلىماي شىلتاڭ ئاتقانلىق. بۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنىڭ بۇ تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. بۈگۈنكىدەك ھالقىلىق مەسىلە — ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» نىيىتىدە بولغانلىقى. روشەنكى، بۇ — شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قىلىش دېگەنلىك. شىنجاڭنى مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قىلىش — مەملىكەت سىرتىدىكى جاھانگىرلار ۋە دۆلىتىمىز بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئىزچىل ئارزۇسى، ئۇلار بۇ جەھەتتىكى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى زادىلا توختاتقىنى يوق؟ مەملىكەت ئىچىدە بۇ، ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان ئەكسىيەتچىلەرنى ۋە خەلقئارادىكى جاھانگىرلارنى ئارقا تىرەك قىلغان پانتۈركىستلارنىڭ تەشەببۇسى ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىن ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۇ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، مەملىكەت ئىچىدە ئاللىقاچان ئاغدۇرۇلغان ئەكسىيەتچىلەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا، خەلقئارادىكى جاھانگىرلارنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇشقا ئۇرۇندى. بۈگۈنكىدىن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

قۇرۇشىنى مەقسەت قىلغان ئاتالمىش «ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ تارىختىكى كىملەرگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى، ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ «پارتىيە» (ئەكسىيەتچىل تەشكىلات) قۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشىدىكى مۇددىئاسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدىكى كۈرەشنىڭ جىددىيلىكىنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەك. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ باشقا سىياسىي كۈچلەرگە ئوخشاش، تەشكىلات قۇرۇپ، ئەزا قوبۇل قىلىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتا، پارتىيىمىزدىن رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىشنى، ئاخىرىدا پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇش ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. يېقىندىن بۇيان خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە كۆرۈلگەن بىر قاتار ۋەقەلەر ئىسپاتلىدىكى، كومپارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇش ئورنىدىن ۋاز كېچىدىكەن ياكى ئۇنى قولدىن بېرىپ قويىدىكەن، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمايدىكەن، سوتسىيالىزم ئىشلىرى نابۇت بولىدۇ.

پارتىيىمىز 40 يىلدىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلگەن پارتىيە، شۇڭا، پارتىيىمىزنىڭ تۈرگۈن ئەزالىرى ھەر قايسى سەپ، ساھە ۋە ئورۇنلاردا ھوقۇق تۇتۇۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش. بىز ھەر مىللەت كومپارتىيە ئەزالىرى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان سىياسىي كۈرەشنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدىمۇ جىددىي ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق تونۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئورنىنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىكى خوجايىنلىق ئورنىغا كېپىللىك قىلىشىمىز كېرەك.

### مۇقاۋىدا

شەھەرلىك قوراللىق ساقچى قىسىم ئوت ئۆچۈرۈش 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى ئابدۇل يۈسۈپ 13 يىلدىن بۇيان 300 قېتىمدىن ئارتۇق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتنىشىپ ۋە قوماندانلىق قىلىپ، شىددەتلىك ئوت يالقۇنى بىلەن ھارماي ـ تالماي ئېلىشتى. ئۇ سەككىز قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. ئۈچ قېتىم ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، شۇنداقلا 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى، ئۆتكەن يىلى ئۇ تۇرۇشلۇق ئوتتۇرا ئەترەت «ئىلغار كوللېكتىپ»، ئوتتۇرا ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» بولۇپ باھالاندى. بۇ يىل يولداش ئابدۇل يۈسۈپ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

فاڭ يۇگوڭ خەۋرى ۋە فوتوسى

# ئارقىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرايلى

## — گۇچۇڭ ناھىيىسى شىبېيۋەن يېزىسى تۈتۈن كەنتىدىكى ئىككىنچى پارتىيە ياچېيكىسىنى تەرتىپكە سېلىش ئۇسۇللىرى

سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى

گۇچۇڭ ناھىيىسى شىبېيۋەن يېزىسىنىڭ تۈتۈن كەنتى خەنزۇ مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، ئاشلىق بىرلىك مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، كەنت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر باياشاد. ئىككىنچى پارتىيە ياچېيكىسىدا، 14 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، پۈتۈن كەنت ئاھالىسىنىڭ 2.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بۇ كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ياچېيكىدا رەھبەرلىك بەنزىسى بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ بولغانلىقتىن، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئاجىزلىشىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك، يادرولۇق ئورنى ئىزچىل تۈردە ھەقىقىي تىكلەنمىگەنىدى، بۇ ھال پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەچكە، ئۇلار ئاممىنىڭ ئورتاق بېيىشىغا تېخىمۇ ياخشى باشلامچىلىق قىلالمىغانىدى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى مۇنداق بولغان: (1) پارتىيە ياچېيكىسى كەنتتىكى زور مەسىلىلەرگە ئارىلاشمىغان، ئۇنى تەتقىق قىلمىغان ۋە ئۇ ھەقتە ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگىلىمىگەن. كەنتنىڭ «بەش ياخشى بولۇش قۇرۇلۇشى»، يەرلەرنى تەكشەش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، كوللېكتىپ مۈلۈكنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش قاتارلىق زور مەسىلىلەردە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى باشلىقىنىڭلا گېپى گەپ بولۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ دەۋەت قىلىش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى كارغا كەلمىگەن. (2) قىسمەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ پارتىيىنىڭ يېزىلاردا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتكە بولغان تونۇشى مۈجمەل بولۇپ، يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكەن. (3) ياچېيكا پائالىيىتى نورمال بولمىغان، پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى يىغىش - تاپشۇرۇش ۋاقتىدا بولمىغان. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان بىر قېتىممۇ ياچېيكا ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلمىغان، پارتىيە ئەزالىرى بىر قېتىممۇ تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزمىگەن. 89 - ۋە 90 - يىللىق پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى بىر قېتىمدىلا يىغىپ ئىشىنى تۈگەتكەن. (4) پارتىيە ئەزالىرى قېرىلىشىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنلەشكەنلىكتىن، يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالماي قالغان. 14 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە 54 ياشتىن يۇقىرىلار يەتتە كىشى بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، 35 ياشتىن تۆۋەن ياش پارتىيە ئەزاسى بىر نەپەر بولۇپ، ئاران يەتتە پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى، ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىز پارتىيە ئەزالىرى 11 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 77 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ

پەن - تېخنىكىنى ئىگىلەشتە قىيىنچىلىقى بولۇپ، ئامىمىنىڭ ئورناق بېيىشىغا باشلامچىلىق قىلالمىغان. (5) قىسمەن پارتىيە ئەزالىرىدا خۇسۇسىيلىق ئېغىر بولۇپ، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئاۋۋال ئۆزىنى ئويلىغان. ئايرىم پارتىيە ئەزالىرى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن؛ كوللېكتىپتىن قەرز ئالغان ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرمىغان؛ كوللېكتىپقا قالدۇرىدىغان قىسمىنى تاپشۇرۇشتا دائىم ئامىمىنىڭ ئارقىسىدا قالغان.

سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تۇتۇن كەنتى ئىككىنچى پارتىيە ياچېيكىسىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى بۇ كەنتتە تۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئۇلار بىر يېرىم ئاي خىزمەت ئىشلەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ئاساسىدا ئەستايىدىل تەرتىپكە سالدى:

بىرىنچى، ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەرتىپكە سالدى. ئىشنى ئىدىيىۋى تەربىيەدىن باشلاپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى. قىسمەن پارتىيە ئەزالىرىدا ساقلانغان خۇسۇسىيلىق ئېغىر بولۇش، ياخشىچاق بولۇش، پارتىيە ئەزاسىنىڭ رولىنى ئوينىيالماسلىقتەك ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە نىزامنامىسىنى، سىياسەتلەرنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پارتىيە دەرسى ئۆتۈپ، سىنىپالغۇ لېنتىسى قويۇپ بېرىپ، مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى ئەندىشىلەرنى تۈگىتىپ، خاتا كۆز قاراشلارنى تۈزىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 -، 5 -، 6 - ئومۇمىي يىغىنلىرى روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سالدى.

ئىككىنچى، تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سالدى. ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئوبدان سەپلەپ، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى ياخشى سايلىدى. قايتا - قايتا غۇلغۇلا قىلىش، ئامىمىنىڭ پىكرىنى ئېلىش، پەرقلىق سايلام ئېلىپ بېرىپ، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق يېڭى ياچېيكا ھەيئىتىنى ۋە پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى سايلاپ چىقتى. يېڭى بەنزىدىكىلەرنىڭ يېشى چوڭراق، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، ئومۇمىي سۈپىتى ياخشى بولدى. بولۇپمۇ بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە، كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، ئادىل ئىش قىلىدىغان، ئاممىا ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى سايلاپ چىقتى.

ئۈچىنچى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېزىدىكى يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنىنى ھەقىقىي تىكلىدى. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەنتتىكى دېھقانلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېزىدىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ كەنتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق ئىشلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

تۆتىنچى، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆز ياچېيكىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش تۈزۈمىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئائىلىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمىنى، پارتىيە تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ياچېيكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئەمەل قىلىدىغان تۈزۈمنى بەرپا قىلدى.

تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى تۇتۇن كەنتى ئىككىنچى پارتىيە ياچېيكىسى ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتەك ئېغىر قوش ۋەزىپىنى داداللىق بىلەن زىممىسىگە ئالدى.

# ئاساسي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى

— قاراغاش كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «تۆت ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش

ما شۇفېڭ

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئائىلىلەر مۇستەقىل ئېلىپ بارىدىغان ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەردى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقان پارتىيە ئەزالىرىدىن سىرتقا چىقىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانى پەيدىنپەي كۆپەيدى. مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە، بەزى پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيە ئەزالىرىنى قانداق باشقۇرۇش، قانداق تەربىيەلەشنى بىلەلمەي قالدى، پارتىيە ئەزالىرىمۇ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى ۋۇگۇڭتەي يېزىسىنىڭ قاراغاش كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى ياچېيكا خىزمىتىنى خۇلاسىلاش ۋە باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشقان، يېزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش ياخشى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقتى. بۇ — پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «تۆت ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتۇر. «تۆت ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش، تەربىيەلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى؛ پارتىيە ئەزالىرىمۇ يېڭى ۋەزىيەتتە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى بىلىۋالدى، پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرى بۇ ئۇسۇلنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

قاراغاش كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى قانات يايدۇرغان «تۆت ئىشتا باشلامچى بولۇش» نىڭ كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) باشلامچىلىق بىلەن پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يېزا ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ قاتنىشىش. (2) باشلامچىلىق بىلەن ھالال ئەمگەك ئارقىلىق بېيىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئائىلىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى يىلىغا 100 يۈەن ئاشۇرۇش. (3) باشلامچىلىق بىلەن مەدەنىيەتلىك ئائىلىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، بىر نامرات ئائىلىگە يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 400 يۈەندىن ئاشۇرۇش. (4) باشلامچىلىق بىلەن دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ۋە كوللېكتىپ تەقسىم قىلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش. (5) باشلامچىلىق بىلەن قانۇن - ئىنتىزامغا، يېزا قائىدىسى ۋە خەلق ئەھدىنامىسىگە بويسۇنۇپ، بىر نەپەر ئارقىدا قالغان ياشقا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى تەربىيەلەش. (6) باشلامچىلىق بىلەن جامائەت پاراۋانلىقى ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، بىرەر ياخشى ئىش قىلىش. (7) باشلامچىلىق بىلەن ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش. (8) باشلامچىلىق بىلەن ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ ۋە ئىشلىتىپ، كەم دېگەندىمۇ بىر خىل تېخنىكىنى ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش. (9) باشلامچىلىق بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇش. (10) باشلامچىلىق بىلەن ياچېيكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان بىر نەپەر ئاكتىپنى تەربىيەلەش. «تۆت ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى كونكرېت، ۋەزىپىسى ئېنىق بولغاچقا، يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ،

شۇڭا بۇ بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

«ئون ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتى تۆۋەندىكىدەك روشەن ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى:

1. ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشتى. «ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنى يىلىغا 100 يۈەن ئاشۇرۇش» نىشانىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ھەممە ئائىلىلەر كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى، 1989 - يىلى كەنت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1981 - يىلىدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1984 - يىلدىكى 451 يۈەندىن 1989 - يىلدىكى 1030 يۈەنگە يەتتى؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۈدا بەش يىل ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنى 100 يۈەن ئاشۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرى 200 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇردى.

2. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمى تېزلەشتى. بۇ كەنتتە 26 نامرات ئائىلە (كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 400 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار) بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا پارتىيە ئەزالىرى ئىنتايىن ئاكتىپ بولدى، بەزىلەر نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئوغۇت توشۇش، تۆرۈك سېلىش، يەر سۇغۇرۇش، ئوما ئورۇش، غەللە - پاراق تاپشۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، بەزىلەر نامرات ئائىلىلەرگە تۆرۈقلۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىئانە قىلدى، قەرز پۇل بېرىپ تۇردى، بەزىلەر نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق قىلىشىغا ياردەملەشتى.

3. ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندى. بىر مەزگىللىكچە بۇ كەنتتە ئۇرۇش - تالاش قىلىدىغان، قولۇم - قوشنىلار چىقىشالمايدىغان، ئوغرىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرغان ئىدى. «ئون ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى كەڭ تۈردە ياخشى ئىش قىلىپ، ناچار كەيپىياتلارنى چەكلىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نامرات ئائىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يار - يۆلەك بولدى، بەزىلىرى خالىسانە كۆچەت تىكتى ۋە يول ياسىدى، بەزىلىرى قانۇن - ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، بەزىلىرى ئاممىغا ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلىدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق، ئارقىدا قالغان 20 نەچچە نەپەر ياش كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى. 1989 - يىلىغا كەلگەندە، كەنت بويىچە 98% ئائىلە «قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان شەرەپلىك ئائىلە» بولدى، 30% ئائىلە «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ باھالاندى، تۆت كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى بالىلار سىنىپى ئاچتى، كەنتتە يېڭىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ، خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە قازاق مەكتىپى قۇرۇلدى. ناھىيە ۋە يېزىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، بۇ كەنت ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگىلىك كەنت بولدى.

4. پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. «ئون ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، پارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، تەشكىلىي كۆز قارىشىنى كۈچەيتتى. پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدىكى ياشانغانلار ۋە كېسەلچانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتى، پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى ۋاقتىدا تاپشۇردى، تەشكىل تەقسىم قىلغان ۋەزىپىنى ئورۇندىدى. «ئون ئىشتا باشلامچى بولۇش» پائالىيىتىدە، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ياچېيكىسىغا ئورۇنلۇق تەكلىپلەرنى ۋە تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىپ، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك كەيپىياتنى بىر قەدەر جانلاندۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى نورمال قانات يايدۇردى. 1986 - يىلدىن بۇيان، بۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ھەر يىلى ئۈدا ناھىيە، يېزا بويىچە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى.

# پارتىيىگە ئىدىيە جەھەتتىن كىرىش تەربىيىسىنى بوشاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ

● جۇماق مەڭلىك ●

پارتىيىنى نۆۋەتتىكى ھالدا ئىدىيە جەھەتتىن قۇرۇش — ماۋ زېدۇڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىدىكى بىر ئاساسىي پرىنسىپ. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى رەھبەرلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش — بۇ پرىنسىپنىڭ ئاساسىي تەلىپى. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىگە تەشكىلىي جەھەتتىنلا كىرىپ قالماستىن، مۇھىمى، ئىدىيە جەھەتتىن كىرىشى، پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق پرولېتارىيات ئىدىيىسىگە يات ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىپ ۋە تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئىلغارلىقى ۋە پاكلىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت. كوممۇنىستىك پارتىيە — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى. پارتىيىنىڭ بۇ خاراكتېرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىدىن كوممۇنىستىك تەربىيىلىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيىگە ئىدىيە جەھەتتىن كىرىپ، كوممۇنىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلىشىنى، ھەر خىل ناتوغرا ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق تازىلىشى ۋە تۈزىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يولداش جاۋ زىياڭ پارتىيىنىڭ باش شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىدە بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمى تەكىتلىنىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي جەھەتتىكى ئۆلچەم ئانچە تەكىتلەنمىدى. بولۇپمۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇلدى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيە ئىزچىل ئېلىپ بېرىلمىدى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلمىدى. مەملىكىتىمىزدە 1989 - يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ دەل مۇشۇنداق سەۋەنلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتى بولدى. شۇڭا، بۇ ئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش زۆرۈر.

يولداش جياڭ زېمىن 1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ئورۇندا كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە، خېلى بىر قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش لازىم.» پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىگە ئىدىيە جەھەتتىن كىرىش تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ: پارتىيىنى نۆۋەتتىكى ھالدا ئىدىيە جەھەتتىن قۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىدا ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەش — پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ ۋەزىپە؛ دېھقانلار ئارىسىدا پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتلىرىنى تەربىيىلەش ۋە دېھقان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزملىق، پارتىيىۋىلىك تەربىيىلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۇلاردىكى پرولېتارىياتقا يات ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش — بۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى دائىملىق ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛

ئىلىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىدا سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، ھازىرقى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى دېھقانلار ۋە باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن قوبۇل قىلىنغان كىشىلەر، بۇلاردىن باشقا، زىيالىيلارمۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەر تەربىيىلەش ئارقىلىق پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ماركسىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇت؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھازىرقى تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا، ھازىرقى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 60 – 70 پىرسەنتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىل ئىچىدە پارتىيىگە كىرگەنلەر بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى بىلەن سىستېمىلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى. پارتىيە تۇرمۇشىنىڭ قاتتىق چېنىقتۇرۇشى ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك مۇھىتنىڭ سىنىشىنىمۇ باشتىن كەچۈرمىدى. شۇڭا، بۇ پارتىيە ئەزالىرىغىمۇ دائىملىق ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. پارتىيە ئىچى - سىرتىدا پرولېتارىيات ئىدىيىسى بىلەن پرولېتارىياتقا يات ئىدىيىنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى يەنىلا مەۋجۇت، ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ پارتىيىنى چىرىتىش خەۋپى يەنىلا مەۋجۇت، خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستى ۋە ھەرىكىتى مەۋجۇت، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۆتكەنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، پارتىيە ئىچى - سىرتىدا، ماركسىزمنىڭ «ۋاقتى ئۆتتى»، ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ، دەپ قارايدىغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. جامائەت پىكرى ۋە تەشۋىقاتتا، يەتتە كۆپ، يەتتە ئاز بولۇش مەسىلىسى كۆرۈلدى، يەنى ماددىي نەرسىلەرنى سۆزلەش كۆپ، مەنىۋى نەرسىلەرنى سۆزلەش ئاز بولدى؛ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى سۆزلەش كۆپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى سۆزلەش ئاز بولدى؛ ئەمەلىي پايدىنى سۆزلەش كۆپ، تۆھپە قوشۇشنى سۆزلەش ئاز بولدى؛ دېموكراتىك ھوقۇقنى سۆزلەش كۆپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتنى سۆزلەش ئاز بولدى؛ ئاكتىپلىقنى سۆزلەش كۆپ، تەشكىلىي - ئىنتىزامچانلىقنى سۆزلەش ئاز بولدى؛ شەخس مەنپەئەتىنى سۆزلەش كۆپ، دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى سۆزلەش ئاز بولدى؛ قىسمەن مەنپەئەتنى سۆزلەش كۆپ، ئومۇمىي مەنپەئەتنى سۆزلەش ئاز بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىدە ئۇرغۇنلىغان زىددىيەت ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، ئۇلار ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىدى؛ بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ غايە، ئېتىقادىدا خېلى دەرىجىدە تەۋرىنىش يۈز بەردى. ئۆتكەنكى بىر قانچە يىلدا، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى سۆزلەنمىدى، بەزى پارتىيە ئەزالىرى سوتسىيالىزم كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل ئەمەس دەپ قاراپ، كوممۇنىستىك ئېتىقاد ۋە غايىدىن ۋاز كەچتى؛ بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىسلاھاتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە جاپالىقلىقىغا بولغان ئىدىيىۋى تەييارلىقى كەمچىل بولدى؛ ھەتتا ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى؛ بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىممەت قارىشىدا خېلى دەرىجىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، «ھەممىدە پۇلغا قاراش» ئەۋج ئالدى؛ بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلاردا چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى ئېغىر بولدى؛ پاسسىپلىق ۋە چىرىكلىك پارتىيىنىڭ ئورگانىزمىنى چىرىتتى؛ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئېغىر بولدى؛ پارتىيىگە كىرىپ ئەمەلدار بولۇش ئىدىيىسى يەنە ئۇسۇپ قالدى. بۇلاردىن باشقا، ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ئەسلىدە ئىدىيە جەھەتتىن

پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغان. شۇڭا، ئۇلاردا شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بولۇش، ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئاجىز بولۇش ئەھۋالى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا يۆنىلىشتىن ئادىشىش، ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىنى ئاڭلىق چەكلەش ئىقتىدارى كەم بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلماي بولمايدۇ.

پارتىيە ئىچىدە يۈز بەرگەن يۇقىرىقىدەك ئىدىيە قالايمىقانچىلىقىنى تۈگىتىپ، پارتىينىڭ ئىدىيە - سىياسىي جەھەتتىكى پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە ئەزالىرىغا تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن دائىم تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. پۈتۈن پارتىيىنى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ ھەممە خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى.

2. پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى كوممۇنىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ بىزنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى.

3. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى چۆرىدىگەن ھالدا نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىنى ئاساسىي لۇشيەن ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. بۇ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

4. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىينىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىش لازىم. مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت، جۇملىدىن شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم رايون. شۇڭا، پارتىينىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشتا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىينىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى ئېلىپ بېرىشنى بىر مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ھەم كۆپ مىللەتلىك رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭمۇ بىر مۇھىم مەزمۇنى.

5. پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئاتېئىزم تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىش لازىم. ئاتېئىزم — بارلىق دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى تەلىمات. ئۇنىڭ نەزەرىيە ئاساسى جەڭگىۋار ماتېرىيالىزم. ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش — ئىدىيىۋى سەپتىكى ئۇزاق ۋاقىتلىق ۋەزىپە. پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، كومپارتىيە ئەزالىرى چوقۇم ئاتېئىزمچىلار بولۇشى شەرت. بۇ شەرتنى ئورۇندىمىسا، ئۇلار لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولالمايدۇ.

6. پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى توغرىسىدا دائىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. يۇقىرىقى جەھەتلەردىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغاندىلا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ناتوغرا ئىدىيىلەرنى ئاڭلىق ھالدا چەكلىگىلى ۋە تۈزەتكىلى، پارتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ئۇيۇشۇش ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتكىلى بولىدۇ.



# مۇقىملىق نەتىجە ۋە شان-شەرەپ ئېلىپ كەلدى

ئابلىمىت مۇھەممىدى

ئىلگىرى بىر مەزگىل كورلا تاشيول باش ئۆچاستىكىسى تەۋەسىدە چەرچەن تاشيول ئۆچاستكىسى تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇرۇش - جېدەل، ئىنتىزامسىزلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزۇشتەك بىر قاتار كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان قالايمىقان ھالەت ئايان بولاتتى. دېمىسىمۇ ئالدىنقى بىر قانچە يىللاردا باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، مەسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاددىي، قوپال، بىر ياقىلىق ئۇسۇل قوللىنىش، جازالاشلا تەكىتلىنىپ، ئىدىيۋى - سىياسىي تەربىيىگە سەل قاراشتەك كونكرېت مەسىلەر ساقلانغانلىقتىن، 1983 - ۋە 1984 - يىللىرى ئۆچاستكا تەۋەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ھاراق ئىچىپ، جېدەل - ماجىرا تېرىش، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنىلا تەكىتلەپ، رەھبەرلىككە قەستەن ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىش، دائىم ئىختىيارەن خىزمەت ئورنىدىن كېتىپ خالىغان جايلاردا ئېقىپ يۈرۈش، قانۇن - تەرتىپكە خىلاپلىق قىلىپ دېلو سادىر قىلىشتەك يامان ئىش، ناچار ئاقىۋەتلەر ئارقا - ئارقىدىن سادىر بولۇپ، ئىككى يىل ئىچىدىلا 16 نەپەر ئىشچى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغانىدى. چەرچەن ناھىيىسىدىكى يەرلىك كىشىلەرمۇ تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

بۇ ئۆچاستكىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان پارتىيە ياچېيكىسى ۋە يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى پۇختا ئورنىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆچاستكىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە جىددىي قارىدى، ئۆز ئورنىنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، كۆپ خىل شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى دەل، ئىنچىكە، جانلىق قانات يايدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىنىج - ئىناق بولۇش، مۇقىملىقنى ساقلاشقا بولغان تونۇشىنى پەيدىنپەي ئۆستۈردى، ئارقىدىنلا ھەر خىل قائىدە - تۈزۈم، ئەھدىنامە، مەسئۇلىيەت توختامنامىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئىجراسىنى چىڭ تۇتتى؛ پارتىيە ياچېيكىسى ئىچىدە ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى بولۇش، ئۆچاستكا مەمۇرىيىتىدە ئامانلىققا مەسئۇل رەھبەرلەر بولۇش، ئۆچاستكىدا ئامانلىق ساقلاش ئاپپاراتى بولۇش، يول ئاسراش بەنلىرىدە ئامانلىق ساقلىغۇچى بولۇش، ئىشخانا، قورۇ، ئامبار، ماي ئىسكىلاتى قاتارلىق

جايلاردا گۈزەتچى بولۇش، تېلېفونغا قارايدىغان ۋە جەددىي پەيتتە ئالاقىلىشىدىغان نۆۋەتچى بولۇشتىن ئىبارەت «ئائىلە بولۇش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىملىقنى ساقلاش، ئامانلىققا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتتى؛ ھۆددىگەرلىك توختامنامىسى تۈزگەندە، مەخسۇس تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش مۇكاپات سوممىسىنى يولغا قويۇپ، ئۈچاستكا بىلەن يول ئاسراش بەنلىرى، يول ئاسراش بەنلىرى بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ئىككى دەرىجىلىك ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇپ، يول ئاسراش بەنلىرىنىڭ ئومۇمىي خىراجىتىدىن بەش پىرسەنتىنى يىلبويى ۋەقە ھەم دېلو سادىر قىلمىغان شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىق مۇكاپاتىغا ئاجراتتى، ئەگەر، ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا بەش پىرسەنت ئۆلچەم بويىچە جەرىمانە قويۇلدى.

قانۇن - ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنىدا، ئۈچاستكا پارتىيە ياچېيكىسى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئۇلارنىڭ مەيلى كادىر، ئىشچى، ئائىلە ئايىلى ياكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمكانقەدەر تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، كۇرسقا قاتناشتۇردى، ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەرس ئاڭلاش، تەكرارلاش، ئىمتىھان بېرىشتەك كونكرېت شەرت - شارائىتلىرىنى ياخشىلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۈچاستكا پىلانلانغان ۋاقىت ئىچىدە لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يېتىپ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ ئۈچاستكا پارتىيە ياچېيكىسى مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى ۋە كەسپىي كادىرلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، «ئائىلە زىيانلىق قىلمىش»نى تازىلاش تەشۋىق - تەربىيىسىنى كەڭ، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئەستايىدىل ئېلىپ باردى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن دائىملىق زىچ ئالاقە ئورنىتىپ، مەسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالدى ۋە ئۇلارنى دەرس سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى؛ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇشقىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى؛ ھەر بىر يول ئاسراش ئۆتەڭلىرىدىكى «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»غا قانۇن ئوقۇشلۇقى، كوممۇنىستىك غايە، ئەخلاق، ئىنتىزام، ئىنقىلابىي ئەنئەنە، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە ئائىت بىر قانچە يۈرۈش كىتابلارنى سەپلەپ بېرىپ، ئىككى خىل گېزىت، ئىككى خىل ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ بەرگەندىن سىرت، يەنە ھەر بىر يول ئاسراش ئىشچىسىغا بىر نۇسخىدىن «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»گە مۇشتەرى بولۇپ بەردى؛ ئۇز يول ئاسراش دائىرىسىنىڭ چۆل - باياۋانغا جايلىشىش، يول ئاسراش ئۆتەڭلىرى كۆپ ۋە تارقاق بولۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنىڭ ياشلىششتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋە دالا تۇرمۇشىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىنچە ياخشىلاپ، ئۇن، ماي، گۈرۈچ، گۆش، مېۋە - چېۋە، يەل - يېمىش قاتارلىقلار بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا قانائەتلىنەرلىك تەمىنلەپ، ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى؛ ھەر بىر يول ئاسراش ئۆتىڭىنىڭ توك، سۇ بىلەن تەمىنلىنىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ رەڭلىك تېلېۋىزور سەپلەپ بەردى؛ تېلېۋىزور نومۇرلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان ئۆتەڭلارغا سىنئالغۇ قويۇش ئاپپاراتى ئېلىپ بەردى؛ چەت - ياقا جايلاردىكى بەش يول ئاسراش ئۆتىڭىدە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يەر ئۈستىدىن قوبۇللىنىدىغان تېلېۋىزىيە ئەسلىھەلىرىنى قۇردى؛ يول ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ ھەۋەسكە ۋە دالا شارائىتىغا ماس كېلىدىغان تەنتەربىيە سايمانلىرى، كۆڭۈل ئېچىش سايمانلىرىنى ئەل قىلىپ بەردى؛ ئىشتىن سىرتقى مۇزىكا ئەترىتى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە قەرەللىك مەشرەپ، تانسا، ئەلنەغمە، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

ئىنچىكە ۋە جانلىق ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە، ئەقلىغە مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەر، ماددىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كونسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئۇچاستكىنىڭ قىياپىتىدە بىراقلا يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، كىشىنى شادلاندۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىلگىرى بەزى ئىشچىلار ئۇچاستكا رەھبەرلىكىگە قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، شەھەر ئەتراپىغا، ئىشخانا ۋە باشقا شارائىتى ياخشى جايغا، تېخنىكىلىق خىزمەتكە ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. ھازىر ئۇ خىل ھالەت تامامەن تەتۈر ئاناسىپ بويىچە ئۆزگىرىش ياساپ، ئۇچاستكا ئىشخانىسى ئەتراپىدا، شەھەر رايونىدا، تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلاردا ئىشلەۋاتقانلار چەت - ياقا يول ئاسراش ئۇقتىلىرىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. رېمونت بەندە ئىشلەۋاتقان بەش نەپەر ئىشچى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس يېزىپ، پارچە - پۇرات خىزمەتتىكى خادىملارنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، يول ئاسراش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چەت - ياقا بەنلەرگە بېرىپ ئىشلەش ئارزۇسىنى بايان قىلغان ئىدى. ئۇلاردىن ئۈچ كىشىنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ يول ئاسراشنىڭ بىرىنچى سېپىدە زەربىدارلىق كۆرسەتمەكتە. ئىلگىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ مۇددىتى توشقان، يۇرتىغا قايتۇرۇلغان بىر ياش، يۇرتىغا قايتىشنى رەت قىلىپ ئۇچاستكا تەۋەسىدە ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلەشنى تەكرار تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. يۇرتىدا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئورنى بىلەن ئالاقىلىشىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يۇرتىدىن ئۈزۈلۈپ، ئايالىنى ئېلىپ جاپالىق يول ئاسراش ئۇقتىلىرىنىڭ بىرىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇچاستكىدا بىر نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق بويتاق خەنزۇ ئىشچى بولۇپ، ئىلگىرى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى نامۇۋاپىقلار ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەچكە، كۆپ قېتىم جېدەل - ماجىرا تېرىپ، ئادەم ئۇرغان ھەتتا پارتلاتقۇچ دورا تەييارلاپ ئۇچاستكا رەھبەرلىرىنى مېيىپ قىلىۋېتىش نىيىتىگىمۇ كەلگەن ئىدى. پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سىردىشىپ تەربىيە بەردى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى سەمىمىي كۆرسىتىپ بەردى، ئۇتتۇرۇشتىكىنى سۈررۈشتە قىلماي، ئازغىنە ئىلگىرىلەشلىرىنىمۇ ئېغىزغا ئېلىپ تۇردى، تۇرمۇشتا غەمخورلۇق قىلدى، نەتىجىدە، ئۇ تەشكىلنىڭ كەڭ قورساقلىق پوزىتسىيىسى ۋە ئەمەلىي غەمخورلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، كەمچىلىك - خاتالىقنى تونۇدى. كېيىن رەھبەرلىك ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇنى ماي ئىسكىلاتىنىڭ گۈزەتكۈچىلىك خىزمىتىگە قويغاندى، ئۇ مەسئۇلىيەتنى سەمىمىي ئادا قىلىپ، ئۇچاستكا رەھبەرلىكىنى خاتىرجەم قىلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، چەرچەن ئۇچاستكىسىنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى ئۈنۈم بېرىپ، پۈتۈن ئۇچاستكا بويىچە ئىناق - ئىتتىپاق بولغان، ئىشقا چىقىش ئۈنۈمى ۋە خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلدى. يول سۈپىتى ئۆسۈپ، ھەر خىل پىلان، كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. يىلبويى ۋەقە سادىر بولماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كەيپىيات تامامەن يېڭىلاندى. شۇڭا، تىرىشىپ ياراتقان نەتىجىلىرى ئۈچۈن ئۇچاستكا ۋە ئۇچاستكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1985 - يىلدىن بۇيان ئۇدا ئالتە يىل باش ئۇچاستكا بويىچە «ئىلغار ئورۇن» ۋە «ئىلغار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» بولۇپ تەقدىرلىنىپ كەلدى. ئۇچاستكا پارتىيە ياچېيكىسىمۇ باش ئۇچاستكا ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق قاتناش سىستېمىسى بويىچە «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» بولۇپ باھالىنىپ ئالاھىدە تەقدىرلەندى.

## نامراتلارنىڭ غەمگۈزارى

خوتەن ناھىيە ئىسلامئاۋات يېزىسىنىڭ تەشۋىقات كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى مەرەمنىساخان مەتقۇربان تۇزۇن يىللاردىن بۇيان، تەشكىل تاپشۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى جان كۆيدۈرۈپ ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، يېزا تەۋەسىدىكى نامراتلار ۋە يېتىم - يېسىرلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ ھەر ۋاقىت نامراتلارنى ئېسىدىن چىقارمىدى، بۇ يىل 5 - ئاي ئىچىدە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى ئېغىر 17 ئائىلىگە 315 يۈەن قىممىتىدىكى 21 قۇر كىيىم - كېچەكنى خەلق ئىشلار بۆلۈمى ئارقىلىق ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى باش قېتىنچىلىقتىن خالاس قىلدى. روزى ھېيت بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۇ يەنە مۇشۇ يېزىدىكى ئىككى ئائىلىنىڭ ئاق ئاشلىقى يېتىشمەي، ھېيتنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا غەم قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۆز ئۆيىدىكى 52 يۈەن قىممىتىدىكى 80 جىڭ ئاق ئۇننى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ ئائىلىلەرنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشتى.



بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەرەمنىساخاننىڭ ياردىمىگە ۋە خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشكەن كىشىلەر ئۇنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي «ھەمىشە باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان كۆيۈمچان كوممۇنىست» دەپ تەرىپلىمەكتە.

ئادىل رەجەپ

---

## بىر قېتىملىق ئۈنۈملۈك تەربىيە

شايار ناھىيىسى تويبولدى يېزىلىق پارتكومى نۆۋەتتە دىنىي سىياسەت، قانۇن - تۈزۈم، ئاتېزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ، يېزىغا قاراشلىق 27 كەنت، 127 مەھەللىدىكى كەڭ ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارغا ئەمەلىي مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى ھەمدە قانۇن - تۈزۈم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ تەربىيە ئارقىلىق، يېزا تەۋەسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى بىر قېتىملىق ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، 500 نەپەردىن ئارتۇق دىنىي زاتمۇ بىر قەدەر سىستېمىلىق تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان زور ئىش» ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.



ئەھەت مەھەممەت

## قۇملۇقتا قەد كۆتۈرگەن يېشىل بوستان

لوپ ناھىيە بۇيابېزا قومات كەنت 2 - مەھەللە گۇرۇپپىسىدىكى كومپارتىيە ئەزاسى ھېيت ئاخۇن ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇملۇقتا يېشىل بوستان ھاسىل قىلدى.

بۇ كەنت ئەۋەلدە توققۇز مو ئەتراپىدا ئەبىنى توغراقلىق بولۇپ، 1959 - يىلدىن باشلاپلا باشقۇرۇش، كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، يوقاپ كېتىشكە يۈزلەنگەنىدى. يولداش ھېيت ئاخۇن يۇقىرىنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلۇملۇكلەرنى ئاسراش، ئورمان بەلباغلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش، قۇم - بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ ھەر يىلى 500 مېتىردىن ئارتۇق ئېرىق ئېلىپ، ھەر بىر تۈپ توغراق تۈۋىگە سۇ باشلاپ، كۆكىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىسىدا 15 يىل ئىچىدە ئەسلىدىكى توققۇز مو توغراقلىق بۈگۈنكى كۈندە 60 موغا كېڭەيتىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدا كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان يېشىل بوستان قەد كۆتۈردى.



ئابدۇغېنى قۇربان

## ئىنئاگەرچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى پارتىيە تارىخى كافېدراسىنىڭ لېكتورى، كومپارتىيە ئەزاسى خۇڭ چىڭخۇا ئۆتكەن يىلى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ مەزگىلىدە قانۇنسىز «قوللاش» ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ ۋە قىسمەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سىياسىي پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىغا ۋە مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان، خۇڭ چىڭخۇا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھەمدە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي سىياسىي كۈرەش داۋامىدا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا تۇرۇپ، قانۇنسىز نامايىشقا ھەمدە ئىمزا قويۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، بولۇپمۇ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە مۇراجىئەتنامە» سى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلغان. ئۇنىڭ خاتالىقىنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن ئېغىر. لېكىن ئۇنىڭ خاتالىقىنى تونۇش پوزىتسىيىسى بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى پارتىيە كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنىڭغا پارتىيىدە قالدۇرۇپ ئىككى يىل سىناش جازاسى بېرىشنى ھەمدە ئۇنى ئوقۇتۇش ئورنىدىن يۆتكىۋېتىشنى قارار قىلدى.



# خىسلەتلىك كوممۇنىست، تىرىشچان شۇجى



— قەشقەر شەھرىگە تەۋە ۋاپ سۈت فىرمىسىنىڭ باشلىقى، فىرما پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابابەكرى ئىسمايىل توغرىسىدا .

ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى (ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرىمىز)

ئابابەكرى ئىسمايىلنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا، قەشقەر شەھرىگە تەۋە ۋاپ سۈت فىرمىسىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كەڭ ئامما ئۇنى «فىرمىنىڭ ياخشى باشلىقى»، «بىزنىڭ تىرىشچان شۇجىيىمىز»، «ئىسمى - جىسمىغا خاس كوممۇنىست» دەپ تەرىپلىشىدۇ. گەرچە بۇ ئاددىيغىنە بىر نەچچە ئېغىز باھا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شۇ جايدىكى قانچىلىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى — ئابابەكرى ئىسمايىلغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى، مۇھەببىتى، ئىشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى بېجانىدىللىقىغا بىلدۈرگەن قايىللىقى سىڭدۈرۈلگەن.

ئابابەكرى ئىسمايىل 1986 - يىلى فىرما پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. ئۇ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەھەر ئىچىدىكى سۈت بىلەن تەمىنلەش ئورنىغا كەلدى - دە، سەھەر سائەت ئالتە بولماستىنلا شەھەر خەلقىنىڭ سۈت ئېلىش ئۈچۈن جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا قاتار - قاتار ئۆچرەت بولۇپ تۇرغىنىنى كۆردى. سۈتكە بولغان ئېھتىياج قاندۇرۇلمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بىر كىلوگرام سۈت ئېلىش ئۈچۈن تاتلىق ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ، نەچچە سائەتلەپ ئۆچرەتتە تۇرغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، سۈت ئالالماي قايتقان كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئابابەكرى ئىسمايىلنى شۇ ئاپتا بىر خىل ئۆكۈنۈش ئازابى چۇلغىۋالدى ۋە بۇ ھالەتنى تېز ئۆزگەرتىپ، يېڭى قىياپەت ھاسىل قىلىشقا بەل باغلىدى.

سۈت فىرمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى 1984 - يىلدىن باشلاپ ئانچە ياخشى بولماي كەلگەنىدى. يىللىق پايدىسى 55 — 60 مىڭ يۈەن ئارىلىقىدا توختاپ قېلىپ، كۈندىلىك بازارغا كىرگۈزۈلىدىغان سۈت 500 — 600 كىلوگرامدىن ئاشمايتتى. بۇ ھال كالا باققۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مەسىلىنىڭ تۈگىنى زادى قەيەردە؟ بۇ توغرىلىق ئابابەكرى ئىسمايىل كۆپ باش قاتۇردى. ئۇ ئالدى بىلەن بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، فىرمىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما بىلەن بىر - بىرلەپ سۆزلىشىپ، ئاخىرى فىرمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسەلمەسلىكىدىكى ئىككى ئاساسىي سەۋەبنى تېپىپ چىقتى: بىرىنچى، فىرمىدا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كارخانا ئىشلەپچىقىرىشىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەر ياخشى قېزىلمىغان، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئىشچانلىقى كۈچلۈك بولمىغان؛ ئىككىنچى، كارخانىنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى

ئاجىز، ئىشچىلارنىڭ ئىدىيىسى مۇقىم ئەمەس، خوجايىنلىق ئېڭى كەم. بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئابابەكرى ئىسمايىل ئالدى بىلەن پارتىيە ياچېيكىسى چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ، فېرمىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈردى؛ پارتىيە ياچېيكىسى ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىدىن پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممە ئىشتا نەمۇنىلىك، ئاۋانگارتلىق رول ئويناپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان «تۆرە» لەردىن بولماسلىقنى تەلەپ قىلدى؛ خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىشكە ئائىت بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئابابەكرى ئىسمايىل ئىشنى ئۆزىدىن باشلىدى، ياچېيكىدا قارار قىلىنغانلىكى ئىشتا ھامان ئالدىدا ماڭدى. ئۇ، 40 باش كالىنى ھۆددىگە ئالدى ھەمدە ھەر ئايلىق ئىش ھەققىدىن 20 پىرسەنتنى تۇتۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى، يىل ئاخىرىدا ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىسا ئىقتىسادىي جازاغا تارتىلىشقا رازى بولدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا باشقا كادىرلار. ۋە پارتىيە ئەزالىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر قوتاندىن كالىنى ھۆددىگە ئالدى.

ئىشچىلار — كارخانىنىڭ خوجايىنلىرى، پۈتكۈل بايلىقنىڭ ياراتقۇچىلىرى. لېكىن ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بولمىسا بولمايدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم مەسىلە — پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، ئامما ئويلىغاننى ئويلاش، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئىدىيىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەشتىن ئىبارەت. بىر نەچچە يىلدىن بېرى يولداش ئابابەكرى ئىسمايىل مۇشۇ ئۇقتىنى چىقىش قىلىپ، فېرمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قانچە قېتىملاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئامما قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ياردەم بەردى. ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، تەننەرخنى ئاشۇرماي، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يولداش ئابابەكرى ئىسمايىل بىرىنچىدىن، باشقىلارغا تايانماي، ئىككىنچىدىن، كۈتۈپ تۇرماي، ئاممىنى ئەقىل كۆرسىتىشكە، چارە ئويلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇزى كۆپ جاپا چەكسىمۇ، چارچىسىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنىڭ ئامالىنى قىلدى. ئوما مەزگىللىرىدە ئۇ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشلاپ يېقىن ئارىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، بىر ھارۋا، بىر ھارۋىدىن سامان سېتىۋالدى. تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىپ، پاخالنى سامان ئورنىدا ئىشلىتىپ كالا باقتى؛ كېچە - كۈندۈز قوتاندىن كەتمەي ئەھۋال كۈزەتتى؛ ئاممىنى يېتەكلەپ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ تەر ئاققۇزۇپ، 200 مو يەرگە شاخ تېرىپ، سىلوس ياساپ ئىشلەتتى؛ فېرما تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ، 80 مو بىنەم ئېچىپ، ئاشلىق تېرىپ، ئاشلىقتىن باشقا، 30 توننا سامان يىغىۋالدى؛ كۈزدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ يەتتە توننا غازاڭ سۈپۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، فېرمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قىيىنچىلىقتىن قورقماي، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلغاچقا، يەم - خەشەك باھاسى ئۆسكەن، مەنبەسى جىددىيلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ فېرمىنىڭ سۈت مەھسۇلاتى تۆۋەنلىمىدى. سۈتنىڭ تەننەرخى ئاشمىدى، يىللىق كىرىم ۋە پايدىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

جاپالىق ئەمگەك قىلىش، ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، ئابابەكرى ئىسمايىلنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى: 1988 - يىل يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، فېرمىنىڭ ساپ پايدىسى 83 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى

يىلدىكىدىن 69.8% ئاشتى. كۈندىلىك سۈت مەھسۇلاتىمۇ 850—900 كىلوگرامغا يەتتى... بۇ ئاساستا ئابابەكرى ئىسمايىل كارخانىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، تەنەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، تۈرلۈك ئامىللارنى ئويلاپ تېپىپ، كالا بېقىشتا ئىلمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ياخشىلىدى. شۇنىڭ بىلەن 1989 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز راۋاجلاندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى، يىللىق كىرىم 387 مىڭ 100 يۈەنگە، ساپ پايدا 87 مىڭ يۈەنگە يەتتى، قوتاندىكى چارۋىنىڭ سانى 1988 - يىلدىكى 483 تۇياقتىن 545 تۇياققا، ئىنەك 120 باشتىن 130 باشقا، كۈندىلىك سۈت مەھسۇلاتى 1220 كىلوگرامغا يېتىپ، يىل بويى بازارنى تەمىنلىگەن سۈت 330 توننىدىن ئېشىپ كەتتى.

يولداش ئابابەكرى ئىسمايىلنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ باشقىلاردىن تەلەپ قىلغان ئىشقا ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىدۇ. فىرمىدا كادىرلارنىڭ دىجورنىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر كادىرنىڭ ھەپتىدە بىر كېچە - كۈندۈز دىجورنىلىق قىلىشى بەلگىلەنگەن. ئۇلار، ئاساسلىقى، بىر كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش؛ قوتان، يەم - خەشەكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، سۈتنى ئۆلچەش - تىزىملاش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولاتتى. ئابابەكرى ئىسمايىل دىجورنىلىق نۆۋىتىدىن بىر قېتىممۇ قېلىپ قالغىنى يوق، بەلكى، دىجورنىلىق قىلمىغان ۋاقىتلاردىمۇ قوشۇپ قىلىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن فىرمىنىڭ ئارىلىقى تۆت كىلومېتىرچە بولسىمۇ، پۈتۈن زېھنىنى خىزمەت ئۈچۈن بېغىشلىغان بۇ قاتتىق سۆڭەك كوممۇنىست ئۆيىگە ئادەتتە ھەپتىدە بىر، ئالدىراش چاغلاردا ئايدا بىر قېتىم باردى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلغاندا، كۆپ ھاللاردا، ئۇ تەكەللۇپ

([illegible])

بىلەن رەت قىلدى. فىرمىدا بىر «130» تىپلىق ئاپتوموبىل بار بولۇپ، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ بۇ ماشىنىنى ئادەتتە شەخسىي ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىپ باقمىدى. بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان يولداش ئابابەكرى ئىسمايىلنىڭ يېتەكچىلىكىدە سۈت فىرمىسىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا بىر قانچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنغان، فىرمىنىڭ مەبلىغىمۇ بارا - بارا كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئۇ فىرمىنىڭ بىر پۇڭ پۇلىنىمۇ قالايمىقان ئىشلەتمىدى. كىرىسلوسى، شامالدۇرغۇچى يوق ئاددىيغىنە ئىشخانىسىدا يەنىلا كونا ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئىش بېجىرىۋەردى. 1988 - يىلى ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇ 5649 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمما ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن 4119 يۈەننى كوللېكتىپقا قالدۇرۇپ، ئۆزى 1530 يۈەن ئالدى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «جاپا چېكىپ تاپقان پۇلنى نېمە ئۈچۈن ئالمايسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «فىرمىمىزنىڭ ئاساسى ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ھەممە ئىشتا پۇل لازىم بولىدۇ، پارتىيە ئەزاسى بولغانىكەنمىز كوللېكتىپنى كۆپرەك ئويلىشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ تەسىرى ۋە باشلامچىلىقىدا، كادىرلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلدى. توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە باشقا كادىرلار 9532 يۈەن مۇكاپات ئېلىشى كېرەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە 5070 يۈەن ئېلىپ، 4262 يۈەننى كوللېكتىپقا قالدۇرۇپ قويدى. ئاممىا بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ كادىرلارغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇشتى.

ئۈلگىنىڭ كۈچى چەكسىز. يولداش ئابابەكرى ئىسمايىل ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرەپلىك خىسلىتىنى ساقلىدى ۋە جارى قىلدۇردى، پارتىيىنىڭ ئاممىا ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى قوغداپ، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋاپ سۈت فىرمىسىدىكى ئاممىغا مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يېڭى نىشانغا باشلىماقتا.

# پارتىيىگە كىرىشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن

## سوئال ـ جاۋاب

### باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىپ، ئىدىيىسىدىن دوكلات يازمىسىمۇ پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگىلى بولامدۇ؟

باش چۆكۈرۈپ خىزمەت ئىشلىگەنلىك پەقەت پارتىيىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىدىن بىرىنى ھازىرلىغانلىق بولۇپ، يەنە سىياسىي ئەخلاق، ئىدىيىۋى ئىستىل، پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىشتىكى مۇددىئا ھەمدە پارتىيىنىڭ فاكتىنى، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ شەرت ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيە تەشكىلىگە ئۆز ئىدىيىسىدىن دوكلات قىلىشتا پارتىيە تەشكىلىنىڭ شۇ شەخسنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇشى، پارتىيە تەشكىلىنىڭ يېتەكلىشى، ياردىمى ۋە تەربىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك ئۆلچەملىرى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىر نەپەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش ئارزۇسىنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىندۇ. شۇڭلاشقا، پارتىيىگە كىرىشنى قىزغىن ئىلتىماس قىلغۇچى ھەر بىر شەخس بىر تەرەپتىن، باش چۆكۈرۈپ خىزمەتنى بىجاندىل ئىشلىشى كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن، باش چۆكۈرۈپ بىجاندىل خىزمەت ئىشلەشنى پارتىيە تەشكىلىگە ئۆز ئىدىيىسىدىن دوكلات قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىكى كېرەك. بۇنىڭدا توغرا ئۇسۇل يەنىلا بۇ ئىككى جەھەتنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا ئورۇنداش ھەمدە باشقا جەھەتلەردىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتۇر.

### پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ «خاسلىقى» كەمچىلىك ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىشىگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس خاسلىقى بولىدۇ. خاسلىق ئومۇمىيلىققا قارىتا ئېيتىلغان. بىزنىڭ پارتىيە تەشكىلىمىز بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان خاسلىققا ئىگە پارتىيە ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى ئوخشاش بولىدۇ، شۇنداقلا پارتىيە ئەزالىرىغا ياكى پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلارغا قويىدىغان تەلەپمۇ بىردەك بولىدۇ. لېكىن، قانداق شەكىل ياكى ئۇسۇل ۋە يول بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمىگە يېتىشتە، پارتىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشتا، پارتىيە تەشكىلى ھەرگىزمۇ ھەر بىر ئەزاسىغا تەكشى تون پىچقان ئەمەس. خاسلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى تەرەققىيات يۆنىلىشى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ كەمچىلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر خاسلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى تەرەققىيات يۆنىلىشى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپ بولسا، ئۇ كەمچىلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە خاتالىق ۋە جىنايەت شەكىللەندۈرۈشىمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس خاسلىقىنى قارا ـ قويۇق كەمچىلىك دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. پارتىيىگە كىرىشتە خاسلىقنىڭ تەسىرى بولامدۇ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا يەنىلا خاسلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

### دىنىي ئېتىقادى بار كىشىلەر نېمە ئۈچۈن پارتىيىگە كىرسە بولمايدۇ؟

پارتىيىنىڭ پروگراممىسىدا: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قوللانمىسى قىلىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئۇ ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىدىن جەزمەن ماتېرىيالىزمچىلاردىن، ئىلاھسىزلاردىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مەملىكىتىمىز پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە

(ئاخىرى 49 ـ بەتتە)

# لى رۇيخۇەن بيۇروكراتلىق ئىستىلنى تەنقىد قىلدى

لى رۇيخۇەن «شەھەر قۇرۇلۇشى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلىمەيدۇ، بىپەرۋالىق قىلىدۇ. ئۇلار يېرىم - ياتا بىلگىنى بىلەن قانائەتلىنىپ قالغاچقا، مەسىلەر ھەققىدە قاراشلىرى قارىماققا توغرىدەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا چىقىدۇ؛ خىزمەتلەرنى ئادەتتىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا، ئۇزى قول سېلىپ ئىشلىمەيدۇ، ئاخىرىغىچە ئۇتتمايدۇ. پىكىر قىلىشى ياخشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بېشى بار، ئايىغى چىقمايدۇ، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۇرمەيدۇ. ئايرىم كىشىلەر يۇقىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن، قورۇق سۆز، يالغان سۆز قىلىشتىن يانمايدۇ. بەزى رەھبىري يولداشلىرىمىز قارىماققا ئىتايىن ئالدىراشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئالدىراش بولغىنى مەسىلە ھەل قىلمايدىغان تۈرلۈك يىغىنلار، ھېچبىر مۇھىم بولمىغان مېھماندارچىلىقلار، قىلچە ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان شەكىلۋازلىقلاردىن ئىبارەت.

لى رۇيخۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نېمە ئۇچۇن بەزى جايلاردىكى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىناق بولماستىن، ئۇزاققىچە جىددىي ھالەتتە تۇرىدۇ؟ چۇنكى، ئېغىر دەرىجىدىكى بيۇروكراتلىق پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزگەچكە، بىز خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچ ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدۇق، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى مانا مۇشۇ يەردە. بيۇروكراتلىق ئىستىلى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقتىن، بەزى خىزمەتلىرىمىز ھەدەپ كەينىگە تارتىلدى، كىچىكتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامما جىددىي ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشلارمۇ ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمىدى؛ ئومۇمىي دائىرىدە ھەل قىلغۇچ ئورۇندىكى خىزمەتلەرمۇ ھەر يىلى داۋراڭ سېلىش بىلەنلا بولدى قىلىنىپ، ئەمەلىيلەشتۇرۇلمەيۋاتىدۇ؛ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھى بەزى يولداشلاردا بارغانسېرى ئازىيىپ، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، ئەمەلدار لويى بولۇشتەك يامان ئادەتلەر بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. يېقىندىن ئۇستۇرۇلگەن بەزى ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلار بۇ ناچار ئىستىلنى يۇقتۇرۇۋالغاچقا، ئىلگىرىلىشى تېز بولمايۋاتىدۇ، چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەتتا ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلەرنى بىزنىڭ چوڭقۇر ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىز ئېغىر دەرىجىدىكى بيۇروكراتلىقنى تۈگەتمەي، ئۇنىڭ خالىغانچە راۋاجلىنىپ كېتىشىگە يول قويىدىكەنمىز، ئۇ خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىدۇ، بىر ئۇركۇم كادىرلىرىمىزنى نابۇت قىلىدۇ.

(«تەشكىلات - كادىرلار خىزمىتى گېزىتى»دىن)

# ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى ئەھمىيىتى

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باش تەتقىقاتچىسى خې شىن يېقىندا فرانسىيە مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى:

ئېسىمدە قېلىشىچە، ماركس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭلار مۇنداق دېگەندەك قىلاتتى: ھەر قانداق بىر پارتىيە مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەرمەيدۇ، پەيدا بولىدۇ، يوقىلىدۇ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ھازىرلا يوقىلىپ كېتىشىنى خالىمايمەن، ھازىرلا يوقىلىپ كېتىدۇ دەپمۇ ئويلىمايمەن. مۇبادا، ھازىر جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمايدىغان بولسا، جۇڭگو يەنە بىر قېتىم قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن بولاتتى، جۇڭگو 1 مىلياردتىن كۆپ ئادەمنى ئۇيۇشتۇرىدىغان بىر سىياسىي تەشكىلاتتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ، ئېغىر سىياسىي قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ جۇڭگوغا ئاپەت كەلتۇرىدۇ. 20 - ئەسىردە ئازاپ - ئوقۇبەتنى يەتكىچە تارتقان جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئالغاندا:

بىرىنچى، ماركسىزم جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئىدىيىۋى قورالى. 20 - ئەسىردىكى جۇڭگولۇقلار ئىنقىلابىي مىللەتپەرۋەرلىكى (يەنى ھازىرقى زامان ۋەتەنپەرۋەرلىكى) ماركسىزم بايرىغى ئاستىدا شەكىللەنگەن، پارچىلىنىش گىردابىغا بېرىپ قالغان جۇڭگونى قۇتقۇزغان. ماركسىزم مەنىۋى كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى قوغداش، بازارلىرىنى قوغداش، جۇڭگو ساناىئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىدى.

ئىككىنچى، ماركسىزم ئىجتىمائىي كاپىتال ۋە مەبلەغنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۇتكۇزۇۋېلىش (ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك

تۈزۈمى) نى ۋە پىلانلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئەشەبۇس قىلىدۇ، بۇ ئەزەربىيە ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردە سانائەتلەشكەن كاپىتالنى تېز سۈرئەتتە توپلاش ۋە جۇغلاشقا پايدىلىق. سانائەتتە ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىمۇ ئارقاق مەبلەغ، بايلىق ۋە ئىقتىسادىي كۈچلەرنى توپلاپ، خەلقئارا بازاردا ئىقتىسادىي كۈچى زور، تېخنىكىسى ئىلغار بولغان خەلقئارا مونوپول كاپىتالغا تاقابىل تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ.

ئۈچىنچى، ماركسىزم ئىشچىلارنىڭ ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئەزەربىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتتىكى پۇلدارلىق بىلەن نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى ئىزگىنلەپ، نامراتلارنى ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مۇشۇ ئەزەربىيىنى يېتەكچى قىلغان دۆلەت سىياسىتى 50-يىللاردا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇرغان جۇڭگونى غەرب ئەللىرى كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلانما دەۋرىدە ئومۇميۈزلۈك يۈز بەرگەن ۋەھشىلەرچە تالان - تاراج قىلىشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىدى.

تۆتىنچى، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشان قىلىنغان كەڭ كۆلەمدىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بارلىققا كەلدى. بۇ غەرب ئەسىر دائىرىلىرى جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن، بەكمۇ خارلانغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى يىغىۋېلىش قۇدرەتلىك سىياسىي ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە تۇرغۇپ تۇرغان مەنىۋى كۈچكە ئىگە قىلدى. مېنىڭچە، بۇقىرىدىكى تۆت تۈۋرۈكنى ھەر قانداق ئادەم كىشى يوققا چىقىرالمايدۇ.

(«بېيجىڭ ياشلار گېزىتى» دىن)

## دېھقانلارنىڭ كادىرلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى

لىفۇ ناھىيىسىدىن كەلگەن ئايال ۋەكىل، بىلىمجىلىق كەسىپي ئائىلىسى لى دېجېن 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېچىلغان گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا مۇنداق دېدى: مەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ «قارار» نىڭ روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشىنى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ ئۇن جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

بىرىنچى، مېڭىسى سەگەك بولۇش، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش، قەتئىي تەۋرەنمەسلىك. ئىككىنچى، سەمىمىي بولۇش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش. ئۈچىنچى، ئېغىر بېسىق، مۇلايىم بولۇش، ئەمەلدارلىق كىبىرىنى پەش قىلماسلىق. تۆتىنچى، كۆزى ئۆتكۈر، ھەق - ناھەقنى ئېنىق بىلىش، ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەملەرنى ئېنىق ئايرىش. بەشىنچى، قۇلاق سەزگۈر بولۇش، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش، ياخشى گەپنىمۇ، يامان گەپنىمۇ ئاڭلاش. ئالتىنچى، ئېغىزى چاققان بولۇش، ئاممىغا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىپ، ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەش. يەتتىنچى، قولى قىسقا، تۈزى پاك بولۇش، پۇلغا، ئەمەلگە ھېرىس قىلماسلىق، شەخسىي مەنپەئەتكە چوغ تارتماسلىق. سەككىزىنچى، ئايىغى چاققان بولۇش، داۋاملىق دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش. توققۇزىنچى، قەدىمى تۈز بولۇش، شەكىللۋازلىق، سۆلەتۋازلىق قىلماسلىق، ناتوغرا يوللار بىلەن شۇغۇللانماسلىق. ئونىنچى، نىيىتى تۈز بولۇش، يۇقىرىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلغاندا راست سۆزلەش، خوشاللىقنىلا ئېيتىپ، كۆڭۈلسىزلىكنى ئېيتماي قويماسلىق. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: مەن يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، يىل بويى يېزىدا يۈرۈپ، دېھقانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلارنىڭ ئامما ئىنكاسلىرىنى خېلى كۆپ ئاڭلىدىم، ھازىر بۇنى يۇقىرىقىدەك يىغىنچاقلاپ، كادىرلىرىمىزغا تەقدىم قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ بىز ئاممىلار بىلەن تېخىمۇ يېقىن قەلبداش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## دېھقانلارنى يېتەكلەپ ئورتاق بېيىش كېرەك

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى چېن يېپىڭ: دېھقانلارنى يېتەكلەپ ئورتاق بېيىش يېزىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى دەپ كۆرسەتتى.

چېن يېپىڭ مۇنداق دېدى: پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى سىياسىتىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە چىقىش نۇقتىسى — كەڭ دېھقانلارنى ئورتاق بېيىش يولىغا باشلاشتىن ئىبارەت. ئورتاق بېيىش سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا

سوتسىيالىستىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى. «ئورتاقلىق» سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك؛ بۇ نۇقتا تەكىتلەنمىسە، نامراتلىشىش، بېيىش پەرقى كېلىپ چىقىدۇ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش پەيدا بولىدۇ؛ «بېيىش» دېگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دېگەنلىك، بۇ نۇقتا تەكىتلەنمىسە، ئىلگىرىكى «داش قازان» دەۋرىگە چېكىنىش پەيدا بولىدۇ - دە، ھەممىبىلەن تەڭ نامراتلىقتا تۇتىدۇ. يېزىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى دېھقانلارنى يېتەكلەپ ئورتاق بېيىشتا، ھەم سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، ھەم پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇش؛ ھەم ھازىرقى باسقۇچتىكى پارتىيە قۇرۇش يۆنىلىشىنى نامايان قىلىش، ھەم دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك.

(«تەشكىلات - كادىرلار خىزمىتى گېزىتى» دىن)

## جياڭ جيېشى شاڭخەيدىن قانچىلىك ئالتۇن - كۈمۈشنى بۇلاپ كەتكەن

بۇندىن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى، جياڭ جيېشى تۆت خاندانلىقى گۇمران بولۇش گىردابىغا يېرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، 1948 - يىل 11 - ئايدىن ئىلگىرى جياڭ جىڭگو قاتارلىق كىشىلەرنى مەخپىي بۇيرۇق بىلەن شاڭخەيگە ئەۋەتىپ، مەركىزىي بانكىدا ساقلىنىۋاتقان ئالتۇنلارنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىشنى پىلانلىغان. ئالتۇنلارنى بۇلاپ يۆتكەپ ئېلىپ كېتىش ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى تۈركۈمدە 2 مىليون 2 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئالتۇننى تامۇژنىنىڭ «دېڭىز يۇلتۇزى» ناملىق ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش پاراخوتىغا قاچىلاپ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «مېيشىڭ» ناملىق پاراخوتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە جىلۇڭغا ئېلىپ باردى؛ ئىككىنچى تۈركۈمدە 572 مىڭ سەردىن ئوشۇق ئالتۇننى يەنىلا «دېڭىز يۇلتۇزى» ناملىق پاراخوتقا قاچىلاپ، «مېيشىڭ» ناملىق ھەربىي پاراخوتنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە شيامېندا قۇرۇقلۇققا چىقارغان؛ ئۈچىنچى تۈركۈمنى تاڭ ئېنبەي بىۋاسىتە ئادەم ئەۋەتىپ، مەركىزىي بانكىدىن 198 مىڭ سەر ئالتۇننى بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن، بۇ چاغدا شاڭخەينىڭ ئازاد بولۇشىغا ئون كۈنمۇ قالمىغان ئىدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈچ تۈركۈمدە جەمئىي 2 مىليون 775 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئالتۇننى، 15 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۈمۈشنى بۇلاپ تەيۋەنگە ئېلىپ كەتكەن، ئۇندىن باشقا يەنە 15 مىليون 370 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى بۇلاپ ئامېرىكىغا ئاپىرىپ، ئامېرىكا بانكىسىغا قويۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھېساباتىغا كىرگۈزگەن.

## «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئىقتىسادىي زىيان قانچىلىك؟

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن زور، مۆلچەرلىنىشىچە 500 مىليارد يۈەنگە يېتىدىكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىغىچە بولغان 30 يىل مابەينىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 650 مىليارد يۈەن بولۇپ، چوڭ - كىچىك بولۇپ 400 مىڭ سانائەت، قاتناش كارخانىلىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مۇقىم مەبلەغ تەخمىنەن 400 مىليارد يۈەندىن 500 مىليارد يۈەنگىچە بولدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» بولغان ئۈچ يىل جەريانىدىكى زىيان مۆلچەرلىنىشىچە، 120 مىليارد يۈەن ئىكەن. مۇشۇ ئىككى قېتىملىق مۈشكۈللۈكتە جەمئىي 620 مىليارد يۈەن زىيان بولغان. بۇ ئېلىمىزنىڭ 30 يىلدا سالغان بارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىگە تەڭ كېلىدۇ. مۇبادا مۇشۇ ئىككى قېتىملىق مۈشكۈللۈك بولمىغان بولسا، بىرىنچى بەش يىللىق پىلان بويىچە مەزمۇت قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلەۋەرگەن بولساق، ھازىر ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولغان بولاتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 100 يۈەندىن ئاشقان بولاتتى. ھازىر بولسا، مەملىكەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي مائاشى ئوتتۇرىچە 50 يۈەندىن 60 يۈەنگىچە بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشى بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## يېمەك - ئىچمەككە بولغان خاتا قاراشلار

1. «پىلتە قورساق ئەتىگەنلىك ياخشى تاماق» دەيدىغان قاراش. ئەمەلىيەتتە، پىلتە قورساق تەركىبىدە زىيانلىق ماددا—

زەمچە بار، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلسا، كىشىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئادەم دۆۋەڭ بولۇپ قالىدۇ، ئېرىندە چۆكمە ھاسىل قىلىپ، ئېرىندىكى قورۇقنى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

2. «سەۋزىنى خام يېسە، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ» دېيىدىغان قاراش. ئەمەلىيەتتە، سەۋزە تەركىبىدىكى ۋىتامىن «ئا» ماي تەركىبىدە ئېرىگەندىلا، ئاندىن ئادەم بەدىنىدىكى ئىنچىكە ئۈچەي يېپىشقاق پەردىسى ئىچىدە ۋىتامىن «ئا» غا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا سەۋزىنى مايدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغان ياخشى.

3. «پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى» دېيىدىغان قاراش. ئەمەلىيەتتە، پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش ئادەمگە زىيانلىق. چۈنكى، سېرىق پۇرچاق تەركىبىدىكى ئاقسىل ماددا ئادەم بەدىنىدىكى تۆمۈر ماددىسىنى قوبۇل قىلىشقا توسقۇن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە تۆمۈر ماددىسى كەملىك قىلىدىغان قان ئازلىق پەيدا قىلىدۇ.

4. «كىچىك باللار مېۋە - چېۋىنى قانچە كۆپ يېسە شۇنچە ياخشى» دېيىدىغان كۆز قاراش. مېۋە - چېۋىنى قانچە كۆپ يېسە شۇنچە ياخشى بولۇۋەرمەيدۇ. «مېۋە سۈيدۈك كېسىلى» مېۋىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەل ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشسا، بۆرەكتە فىزىكىلىق ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

## ئېلىمىزدە بەش خىل ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى كېسىلى بار ئىكەن

ئالىملارنىڭ بايقىشىچە، ئېلىمىزدە ھازىر ئا، ب، س، د، ت تىپلىق بەش خىل ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى مەۋجۇت بولۇپ، ئەھۋال بىر قەدەر ئېغىر ئىكەن. ئۇلار ھازىر جىگەر ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئىشىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى ئاگاھلاندۇرماقتا.

«ئا» تىپلىق ۋە «ب» تىپلىق ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغىدىن باشقا، مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى جايلاردا «س» تىپلىق جىگەر ياللۇغى كەڭ دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. يېقىندا، شاڭخەي شەھىرىدە «ب» تىپلىق جىگەر ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئىچىدە «د» تىپلىق جىگەر ياللۇغىنىڭمۇ بارلىقى تۇنجى قېتىم بايقالدى. سۇ ۋە يېمەكلىكتىن يۇقۇملىنىدىغان «ت» تىپلىق جىگەر ياللۇغى دۆلىتىمىزدىكى بەزى رايونلاردىمۇ كۆرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى ئاھالە ئارىسىدا، بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ «ئا» تىپلىق جىگەر ياللۇغى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. «ب» تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلار ھازىر دۆلىتىمىزدە 100 مىليون كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن. («جۇڭگو ئىلىم - پەن گېزىتى» دىن)

## تاماقتىن كېيىن ئازراق ئارام ئالسىڭىز ئۆمرىڭىز ئۇزۇرايدۇ

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىببىي خادىملار ئۇزاق مۇددەت تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مۇنداق تونۇشقا كەلگەن: ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار تاماقتىن كېيىن 30 مىنۇتتىن 50 مىنۇتقىچە جىم ئولتۇرۇۋېلىپ ياكى ئوڭدا يېتىۋېلىپ ئاندىن مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلسا، ئۇنىڭ كۆپ پايدىسى بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر تاماق يېگەندىن كېيىن، بىر مۇنچە يېمەكلىك ئادەمنىڭ ئاشقازىنىغا يىغىلىپ قالىدۇ، بۇ يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن زور مىقداردا ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى ۋە قان لازىم بولىدۇ. تاماقتىن كېيىن مۇۋاپىق ئارام ئالغاندا، بەدەندىكى قان ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىغا ئېقىپ كىرىپ ھەزىم قىلىشنى تېزلىتىدۇ.

(«ياشانغانلار ھەپتىلىك گېزىتى» دىن)

## تاتلىق يېمەكلىكلەرنى چۈشتىن كېيىن ئىستېمال قىلىش كىشىنى روھلاندۇرىدۇ

ئامېرىكىنىڭ قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت ئىلمىي پراپېسسورى، دوكتور لوبىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئاسانلا ئۇيقۇسى كېلىدۇ، لېكىن ئازراق تاتلىق يېمەكلىكلەرنى، مەسىلەن: شاكىلات قاتارلىقلارنى يېسە، كىشىنى روھلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

دوكتور لوبىن ئەر-ئاياللاردىن 36 نەپەر كىشىنى تاللاپ، ئۇلار ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغان، ئۇ ھەر بىر كىشىگە ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە بىر پارچە يېرىم ئونسىيە ئېغىرلىقتىكى، ئىسسىقلىق مىقدارى تەخمىنەن 360 كالورىيە كېلىدىغان شاكىلات يېگۈزگەن. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى، سۈرئىتى، توغرىلىقى، ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىدارى 20 پىرسەنت ئۆسكەن.

# پارتىيىمىزنىڭ بىر قانچە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

جاڭ يۈن

خەلق ئاممىسى ئەزەلدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە دەپ تەرىپلەپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسەن ئۇنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ماركسىزملىق پارتىيە بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

## دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئاساسىدىكى رەھبەرلىك پرىنسىپىنى يولغا قويۇش

دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش، مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنىڭ بىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىرىگە سەل قاراشقا، بىرىنى تۇتۇپ، بىرىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەركەزلەشتۈرۈشلا بولۇپ، دېموكراتىيە بولمىسا، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش سىياسىي كېلىپ چىقىدۇ، دېموكراتىيىلا بولۇپ، مەركەزلەشتۈرۈش بولمىسا، ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈش ياكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى كېلىپ چىقىدۇ. مەيلى قايسى خىل ئەھۋالدا بولسۇن، مۇقەررەر ھالدا خاتالىق سادىر بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ توپ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

## پارتىيە مىللىتىقا قوماندانلىق قىلىدۇ

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان خەلق قوراللىق كۈچلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىگە قەتئىي بويسۇنىدۇ، پارتىيە قەيەرگە دېسە شۇ يەرگە بارىدۇ. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ 2 ـ چوڭ ئالاھىدىلىكى. ئارمىيىمىز — پارتىيىنىڭ قوغدىغۇچىسى، جۇمھۇرىيەتنىڭ قوغدىغۇچىسى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قوشۇندۇر. ئۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، مەسىلەن، تۆمۈر يول، تاشيول، ئايرودروم، كۆۋرۈك ياسايدۇ ۋە ھەر خىل مۇھىم قۇرۇلۇشلارغا قاتنىشىدۇ، خەۋپ-خەتەردىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى قىلىدۇ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىپ، دۆلەتكە بايلىق يارىتىدۇ، قەيەردە قىيىنچىلىق بولسا ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ. ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيىدۇ، ئامما بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن بولۇپ، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىدۇ، ئۇلۇغ لېي فېڭ روھى مانا مۇشۇ قەھرىمان قوشۇندىن كەلگەن. شۇڭا، ئۇ كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئىززەت ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، خەلق ئەسكەرلەرنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز دەپ ئاتىدى.

## كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمى

ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گورۇھلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىش، بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش، شان ـ شەرەپ ۋە نومۇستا تەغدىرداش بولۇش پارتىيىمىزنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئالاھىدىلىكى. ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گورۇھلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ پارتىيىمىز بىلەن بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ.

## ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش

ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، ئاممىنىڭ پىكىرىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاش، ئاممىدىن ئۆلۈپ ئاممىغا قايتۇرۇش، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش، ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتۇش، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

پارتىيىمىزنىڭ تۆتىنچى چوڭ ئالاھىدىلىكى.

پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى — پارتىيىنىڭ تۈپ سىياسىي لۇشيەنى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي لۇشيەنىدۇر. ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق خەلقنىڭ مايىل بولۇشى ۋە مايىل بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، خەلقنىڭ مايىل بولۇشى ياكى مايىل بولماسلىقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ھەرگىز بىپەرۋالىق ۋە بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ. يولداشلىرىمىز پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئىچكى ۋەزىيەتتە، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلىشى لازىم.

## ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن

ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ماركسىزمچە دىئالېكتىكىلىق تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرىنى تەدبىقلاشقا ماھىر بولۇش، ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش پارتىيىمىزنىڭ بەشىنچى چوڭ ئالاھىدىلىكى. پارتىيىمىز ئەزەلدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈشتەك چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ، كونكرېت ئادەم ۋە ئىشلار ھەمدە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقىچە بولغان بارلىق ئىشلاردا، پارتىيىمىز كۆپنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتنى ئىگىلەپ، ئاندىن ھۆكۈم چىقاردى، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىپ، ئاساسسىز ھۆكۈم چىقارمىدى.

## تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى قوللىنىپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۆرەش ئېلىپ بېرىش

بۇ — پارتىيىمىزنىڭ ئالتىنچى چوڭ ئالاھىدىلىكى. يولداش ماۋزېدۇڭ بىزنىڭغا «ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، تەنقىد ياكى كۆرەش قىلىش ئارقىلىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق يېڭى ئاساستا يېڭى ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىش» دېگەن فورمۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيىمىز تارىخىدا كۆرۈلگەن بىرمۇنچە سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلار ئەنە شۇ قورالنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىندى ھەمدە يېڭى ئاساستا يېڭى ئىتتىپاقلىق قولغا كەلتۈرۈلدى.

## رەھبىرىي كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش

پارتىيىمىز ئەزەلدىن تارتىپ رەھبىرىي كادىرلارغا سۆز بىلەن ھەرىكەتتە بىردەك بولۇش، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش بىلەن ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، پارتكوم، ياچېيكىلارنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. مانا بۇ پارتىيىمىزنىڭ يەتتىنچى چوڭ ئالاھىدىلىكى.

بۇ يەتتە چوڭ ئالاھىدىلىكنى پارتىيىنىڭ يەتتە چوڭ ئېسىل ئەنئەنىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. پارتىيىمىز يېقىنقى 70 يىللىق كۆرەش داۋامىدا مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىمىز ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، غەلىبە قىلماي قالمىدى؛ شۇڭا ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە، ھەقىقىي ماركسىزملىق پارتىيە دەپ قارىشىغا ئىگە بولدى؛ پارتىيىمىز دەل مۇشۇنداق ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلغا ئىگە بولغاچقا، ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش داۋامىدا، مەيلى قانداق خەتەرلىك مىنۇتلاردا بولسۇن ياكى ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا بولسۇن ۋە ياكى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن، ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەندە بولسۇن، ئاخىر غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

# سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشتە دائىم ئۇچرايدىغان بەزى چىگىش ئۇقۇملارنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشى توغرىسىدا

رەھىم يۈسۈپ

## خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاشمۇ؟

يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «خەلق ئىچىگە قارىتىلغان دېموكراتىيە تەرەپ بىلەن ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتىلغان دىكتاتۇرا تەرەپنىڭ بىرلىشىشى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بولىدۇ.»(1)

خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىغا ئىشچىلار سىنىپى (كوممۇنىستىك پارتىيە ئارقىلىق) رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇ ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ماھىيەتتە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ياراتقان، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر خىل شەكىل. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئەھۋال ۋە ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇن كېلەتتى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدىكى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرلۇقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسلىقى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەش بولدى. دۆلىتىمىزدە گەرچە سىنىپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە مەلۇم دائىرىدە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، دۆلەتنىڭ دىكتاتورا رولىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلسە، ئۇ چاغدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى پرولېتارىياتنىڭ زورلۇق كۈچ ئىنقىلابىي ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلاش ئاساسىدا ئورنىتىلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن دېموكراتىيە يۈرگۈزىدۇ، دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى كۆپ سانلىقلارنىڭ ئاز سانلىقلارغا يۈرگۈزگەن دىكتاتۇرىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىنىپىي دىكتاتۇرىدۇر. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى — مەملىكەت ئىچىگە نىسبەتەن ئاساسلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش، جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈم ۋە يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش؛ خەلقئارا جەھەتتىن قارىغاندا، چەت ئەللەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقى قاتارلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش، دۇنيا

---

(1) «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 4-توم، 664-بەت.

خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بىلەن پورولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ پەرقى شۇكى: (1) خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ئىچىدە «ئىككى ئىتتىپاق» بار. بىرى، پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاقى؛ يەنە بىرى — ئىشچىلار ۋە دېھقانلار بىلەن مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىتتىپاقى. ھالبۇكى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا پەقەت ئالدىنقى ئىتتىپاق بار، كېيىنكى ئىتتىپاق يوق. (2) خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ئىتتىپاق مەۋجۇت، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ئاساسىدا، دۆلەت ئىشلىرى مۇھاكىمە قىلىندۇ، بۇنداق بولۇش كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشقا پايدىلىق، خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا، پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى بىۋاسىتە قولىدا تۇتۇپ تۇرغاچقا، دۈشمەنلەرگە بىۋاسىتە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ.

بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ باغلىنىشى شۇكى: (1) رەھبەرلىك كۈچىدىن قارىغاندا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئوخشاشلا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان دۆلەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پرولېتارىياتنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. (2) سىنىپىي ئاساس جەھەتتىن قارىغاندا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسىي — ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى. (3) تارىخىي ۋەزىپە جەھەتتىن قارىغاندا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى — خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقىتىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇستەھكەملەش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش، سىنىپ ۋە سىنىپىي پەرقلەرنى يوقىتىپ، كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش. (4) دېموكراتىيە ۋە دىكتاتۇرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئوخشاشلا ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرگە شۇنىڭدەك سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرگە دېموكراتىيىنى يولغا قويىدۇ، سوتسىيالىزمغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق دۈشمەنلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى ئۇقۇمنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىۋالساق، ئۇ چاغدا خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

## 2. ئاممىۋى لۇشيەن، سىياسىي لۇشيەن، تەشكىلىي لۇشيەن ۋە سىنىپىي لۇشيەن دېگەن ئۇقۇملارنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشى نېمە؟

ئاممىۋى لۇشيەن پرولېتارىيات پارتىيىسى يولغا قويغان ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ۋە توغرا رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشتىكى خىزمەت لۇشيەنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئەڭ تۈپ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى. ئاممىۋى لۇشيەننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ھەممە ئىشتا ئاممىنى كۆزلەش، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىش، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش. خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، پرولېتارىيات پارتىيىسى ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ھەممە ئىشتا خەلققە مەسئۇل بولۇشى، ئاممىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى، خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ نىشانىنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىشى لازىم.

سىياسىي لۇشيەن دۆلەت ۋە سىياسىي پارتىيە مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى سىياسىي نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈپ چىققان ئاساسىي فاڭجېن ۋە سىياسەتنى كۆرسىتىدۇ. سىياسىي لۇشيەن — مۇئەييەن سىنىپنىڭ تەلىپى ۋە مەنپەئىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، سىياسىي لۇشيەنىنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقى — ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى — پرولېتارىيات ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى مەنپەئىتىنىڭ گەۋدىلىنىشى، ئۇ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە تۈزۈپ چىقىلىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردىكى پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي لۇشيەنى — «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت.

تەشكىلىي لۇشيەن دۆلەت ياكى سىياسىي پارتىيە ئۆزىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىققان تەشكىلىي خىزمەت توغرىسىدىكى توپ فاڭجېن ۋە نىزاملارنى كۆرسىتىدۇ. تەشكىلىي لۇشيەن سىياسىي لۇشيەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ سىياسىي لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى — دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، ياخشىلارنى ئىشقا قويۇشتىن ئىبارەت توغرا كادىرلار سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئاڭلىق ئاساستا تەشكىللەنگەنلىك ۋە ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىنىپىي لۇشيەن سىنىپىي جەمئىيەتتە، ھەرقانداق پارتىيە ھەر قايسى سىنىپلارنى ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا تۈزۈپ چىققان، كىمگە تايىنىش، كىم بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، كىمگە زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ئاساسىي لۇشيەننى كۆرسىتىدۇ.

سىنىپىي لۇشيەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ سىنىپىي لۇشيەنى بىلەن پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي لۇشيەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي لۇشيەنى — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاب قوشۇنىنى تەشكىللەش، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، دۈشمەننى يوقىتىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

يۇقىرىقى ئۈچ ئۇقۇمنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى: (1) ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاشمايدۇ. ئاممىۋى لۇشيەن — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشتىكى خىزمەت لۇشيەنى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىدۇر؛ سىياسىي لۇشيەن — دۆلەت، پارتىيىنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان ئاساسىي فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ تەشكىلىي لۇشيەن — سىياسىي لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان تەشكىلىي خىزمەتلەرنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي لۇشيەنى — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، دوست بىلەن دۈشمەن ۋە ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان، كىمگە زەربە بېرىش، كىم بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، كىمگە تايىنىش توغرىسىدىكى ئاساسىي لۇشيەندۇر. (2) يۇقىرىقى ئۈچ ئۇقۇمنىڭ ئورنى ۋە رولى ئوخشىمايدۇ. سىياسىي لۇشيەن — دۆلەت ۋە پارتىيىنىڭ توپ لۇشيەنى، ئۇ مەلۇم تارىخىي دەۋر ئىچىدە دۆلەت ۋە پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى جۈملىدىن ھەر قايسى خىزمەتلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئاممىۋى لۇشيەن، تەشكىلىي لۇشيەن، سىنىپىي لۇشيەنلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي لۇشيەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

(ئاخىرى 54 - بەتتە)

# يوللۇق قوغدىنىش دېگەن نېمە؟ يوللۇق قوغدىنىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر قانۇنىي جازاغا تارتىلامدۇ؟

ئابدۇراحمان توختى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 17 - ماددىسىدا: «جامائەت مەنپەئىتىنى، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قىلىنىۋاتقان قانۇنسىز زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يوللۇق قوغدىنىش ھەرىكىتىدە بولغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يوللۇق قوغدىنىشمۇ قارىماققا جىنايى قىلمىشقا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ماھىيەتتە، جىنايى قىلمىشقا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. جىنايى قىلمىش بولۇش ئۈچۈن، بىرىنچى، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىجتىمائىي خەۋپى بار قىلمىش؛ ئىككىنچى، قانۇن بويىچە جازالىنىدىغان قىلمىش بولۇشى شەرت. يوللۇق قوغدىنىش جىنايى قىلمىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدىغان ھەرىكەت بولغاچقا، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ھېچقانداق ئىجتىمائىي خەۋپى بولمايلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت، جەمئىيەت ۋە خەلققە پايدىلىق ھەرىكەت بولۇپ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، شۇڭا، يوللۇق قوغدىنىش ھەم پۇقرالارنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان قانۇنلۇق ھوقۇقى، ھەم ئەخلاقىي جەھەتتە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

يوللۇق قوغدىنىش ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزگەنلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىپ، نەتىجە كۆرسەتكەنلەر تەقدىرلىنىدۇ. يوللۇق قوغدىنىش ھوقۇقىنى خاتا يۈرگۈزۈپ يەنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلار قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، قانۇن بويىچە تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ. يوللۇق قوغدىنىش تۆۋەندىكى تۆت شەرتنى ھازىرلىشى شەرت:

1. يوللۇق قوغدىنىش قانۇنسىز زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولغان بولۇشى يەنى قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىشىغا دۇچ كەلگەندىلا، ئاندىن يوللۇق قوغدىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. قانۇنلۇق ھەرىكەتلەرگە قارىتا يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا زادىلا بولمايدۇ. قانۇنسىز زىيانكەشلىكنى پەرق ئېتىشتە تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، روھىي كېسەللەر بىلەن جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا توشمىغان كىشىلەرنىڭ زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىغا كىرمەيدۇ. روھىي كېسەللەردىن كەلگەن زىيانكەشلىككە قارىتا، ئۇنىڭ روھىي كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. روھىي كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق زىيانكەشلىكتىن ساقلانغىلى بولماي ئامالسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدىلا، ئاندىن يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق زىيانكەشلىكتىن قېچىپ كېتىش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ساقلىنىشقا بولسا، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە روھىي كېسەللەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىق يېشىغا توشمىغان كىشىلەر قىلغان زىياكەشلىككىمۇ ئامالسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدىلا يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ؛ ئىككىنچى، قەستەن ئارىغا بۇلغۇنچىلىك سېلىش ۋە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا ئوخشاش يوللىسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى زىيانكەشلىك قىلىشقا ئازدۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا زەربە بەرسە، ئۇ يوللۇق قوغدىنىش ھېسابلانمايدۇ. مۇشۇ يول ئارقىلىق جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ قالغاندا يوللۇق قوغدىنىش مەۋجۇت بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇرۇشقان ھەر ئىككى تەرەپتە قارشى تەرەپكە زىيان يەتكۈزۈش قەستەنلىكى

بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز ھەرىكەت بولۇپ، يوللۇق قوغدىنىش دېيىشكە بولمايدۇ. جىنايەت سادىر قىلغانلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.

2. يوللۇق قوغدىنىش قىلىنىۋاتقان قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىشىغا دۇچ كەلگەندىلا بولغان بولۇشى، يەنى ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىشىغا دۇچ كەلگەندىلا، ئاندىن يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرى قوللىنىلىشى كېرەك. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، تەسەۋۋۇر، پەرەزدىكى زىيانكەشلىك قىلمىشلىرى، تېخى باشلانمىغان ياكى ئاياغلاشقان زىيانكەشلىك قىلمىشلىرى ئۈستىدىن يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، يوللۇق قوغدىنىش بولسا، قانۇنسىز زىيانكەشلىك يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلەتكە ياردەملىشىپ، جىنايەت بىلەن كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، پەقەت قىلىنىۋاتقان ھەمدە ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇۋاتقان قانۇنسىز زىيانكەشلىك ئۈستىدىن يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللانغاندىلا، ئاندىن مۇشۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. قىلىنىۋاتقان ياكى ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇۋاتقان قانۇنسىز زىيانكەشلىكنى پەرقلەندۈرۈشتە، تۆۋەندىكى ئۈچ ئۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىك دېگىنىمىز قانۇنسىز زىيانكەشلىكنىڭ ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنلىكى ياكى بىۋاسىتە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛

ئىككىنچى، تەسەۋۋۇر ياكى پەرەزدىكى زىيانكەشلىك دېگىنىمىز قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىشىنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان - بولمىغانلىقىغا قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى كىشىلەردە روھىي سەزگۈرلىكنىڭ ئېشىپ كېتىشى ياكى روھىي كەيپىياتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، تونۇش جەھەتتە خاتا ئۇقۇم پەيدا بولۇپ قېلىپ، زادىلا مەۋجۇت بولمىغان زىيانكەشلىكنى ئۆز پەرىزىچە زىيانكەشلىك قىلمىش يۈز بەردى، ئۆزۈمنى قوغدايمەن دەپ، زىيانلىق ئاقىۋەت چىقىرىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇ جىنايى ئىشلار قانۇن نەزەرىيىسىدە «پەرەز بىلەن قوغدىنىش» دېيىلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل قوغدىنىشنى يوللۇق قوغدىنىش دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئۆز لايىقىدا جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛

ئۈچىنچى، تېخى باشلانمىغان زىيانكەشلىك دېگىنىمىز قانۇنسىز زىيانكەشلىكنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرغانلىقىنى ياكى بىۋاسىتە يولۇقىدىغان تەھدىتكە تېخى ئايلانمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يەنى كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تەھدىتكە قارىتا يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، تېخى باشلانمىغان زىيانكەشلىككە قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللانغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛

تۆتىنچى، ئاياغلاشقان قانۇنسىز زىيانكەشلىك دېگىنىمىز زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ قانۇنسىز زىيانكەشلىكنى ئاللىقاچان ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغانلىقىنى يەنى زىيانكەشلىك قىلىش قەستەنلىكىنىڭ ئاللىقاچان ئىشقا ئېشىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاياغلاشقان قانۇنسىز زىيانكەشلىككە قارىتا يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئاياغلاشقان قانۇنسىز زىيانكەشلىككە قارىتا يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىپ ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىپ، قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.

بۇقىرىقىدىن باشقا، يەنى ئەمەلىيەتتە، بەزى ئادەملەرنىڭ باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قەستەن ئارىغا بۇلغۇنچىلىق سېلىپ ياكى ئېزىقتۇرۇپ، ئەتەيگە ئۆزىگە چېقىلغۇزۇپ، ئاندىن يوللۇق قوغدىنىشنى بانا قىلىپ ئۆچ ئېلىش بىلەن ئۇلارنىڭ زەخىملىنىش ياكى ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدىغان غەلىتە ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. بۇنداق قىلمىشنى ھەرگىزمۇ يوللۇق قوغدىنىش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنى پىلانلىق ھالدا قەستەن ئۆتكۈزگەن جىنايەت دەپ قاراپ جازالاش كېرەك.

3. يوللۇق قوغدىنىش جىنايەت سادىر قىلغۇچى ئۈستىدىلا بولۇشى، 3 - كىشىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈلمەسلىكى، يەنى كىم قانۇنسىز زىيانكەشلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرى پەقەت شۇ كىشىگىلا قارىتىلىشى، ھەرگىز قانۇنسىز زىيانكەشلىك بىلەن شۇغۇللانمىغان 3 - كىشىگە قارىتىلماسلىقى كېرەك. مۇبادا يوللۇق قوغدىنىش جەريانىدا 3 - كىشىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇلسا يەنى بۇلاڭچىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي، قېچىپ كېتىش جەريانىدا 3 - بىر كىشىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى چېقىۋېتىپ ياكى سوقۇۋېتىپ زەخمىلەندۈرۈپ قويسا، ئۇ جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلماستىن، بەلكى خەۋپتىن جىددىي ساقلىنىش قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

4. يوللۇق قوغدىنىش زۆرۈر بولغان چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى يەنى يوللۇق قوغدىنىش تەدبىرى قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلمىشىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك — قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلغۇچىنى زەخمىلەندۈرۈش ئارقىلىق قوغدىنىشقا مۇمكىن بولسا، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك، ئۆلتۈرۈۋەتسە چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولىدۇ، دېمەكتۇر. ۋاھالەنكى، قانۇنسىز زىيانكەشلىك كۆپىنچە ھالدا ئادەم تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەچكە، يوللۇق قوغدالغۇچى كىشىنىڭ روھىي كەيپىياتى جىددىيلىشىپ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان قانۇنسىز زىيانكەشلىكنىڭ دەرىجىسىنى ۋە قوغدىنىشنى چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى تاللىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىپ، قولىغا چىققان نەرسە بىلەن زىيانكەشلىككە قارشى كۈرەش قىلىدۇ. نەتىجىدە، يوللۇق قوغدىنىش چېكىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئاسانلا يۈز بېرىدۇ. يوللۇق قوغدىنىش ھەرىكىتى دۆلەتنىڭ جىنايەتچىگە قارشى كۈرەش قىلىشىغا پايدىلىق بولغاچقا، قوغدالغۇچىغا ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق تەلەپ قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ يوللۇق قوغدىنىشنى زۆرۈر بولغان چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئورۇنسىز زىيان ياكى ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتماي بولمايدۇ. لېكىن ئەھۋالغا قاراپ يېنىكلىتىپ جازالىنىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

(بېشى 37 - بەتتە)

ئەزالىرى ئادەتتىكى پۇقرالاردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇلار — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرى، شۇڭا سەۋەبلىك دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلسا، چوقۇم دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشى شەرت. ئەمما بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بەزى دىنىي تۈس ئالغان ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى پەرقلەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلىشقا بولمايدۇ.

## پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى يازغاندىن كېيىن، ئىلتىماس يازغۇچى شەخسەن ئۆزى ۋە ئائىلىسى توغرۇلۇق يەنە قانداق مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى زۆرۈر؟

بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن تەلەپ يوق، پەقەت ھەر بىر كىشى ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى يازغان چاغدا، ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەمدە ئائىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئائىلىسىدىكى ئاساسلىق ئەزالار ۋە ئاساسلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئېنىق يېزىشى كېرەك. مۇبادا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى يازغان چاغدا بەزى مەسىلەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئېنىق بولماي قالغان بولسا ياكى ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسا، تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈش بېرىلسە بولىدۇ. تولۇقلاپ بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشنىڭ مەزمۇنى دېگەندە، ئاساسلىقى، سىياسىي تارىخ، ئىقتىسادىي جىنايەت، جىنايى جازا، چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# ۋاكالەتچى ئشچلار بلەن بولغان مۇناسۋەتنى ئوبدان بر تەرەپ قلشى كېرەك

تېك شۈشىن

ۋاكالەتچى ئىقتسادىي پائالىيەتلەردە ئشچلارغا ۋەكلىلك قلدۇ، ئشچلارنڭ ھاۋالسى بلەن كارخانا باشقۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەكالەتچى چوقۇم بر نىيەت، بر مەقسەتتە ئشچلار سنپىغا تايىنىشى، ئشچلارنڭ خوجايىنلق رولنى ھەقىقىي جارى قلدۇرۇشى، ئشچلارنڭ خوجايىنلق ئورننى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك.

1. ئشچلارنى خوجايىنلق تەختتە ھەقىقىي ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنڭ خوجايىنلق رولنى ھەقىقىي جارى قلدۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ۋاكالەتچى خەلقنى نادانلقتا قالدۇرۇش سياستىنى قوللانماسلقى كېرەك. پارتىينڭ فاڭجېن، سياسەتلرى، زاۋۇتنڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى (قىينچىلقى) ھەممە مۇھىم تەدبرلرى قاتارلق ئەمەلىي ئەھۋالنى ئشچلارغا ۋاقتىدا ئەينەن يەتكۈزۈش ۋە تاپشۇرۇش كېرەك. تۇرلۇك يىغىن ھەم مۇۋاپىق ۋاستىلەر ئارقلق پارتىينڭ فاڭجېن، سياسەتلرنى ئشچلار ئارىسىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئشچلارنى ئەقىل كۆرستىش، چارە ئويلاش، تەدبىر بەلگىلەش ئىشلرىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قلش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئشچلاردىن دائىم مەسلىھەت سوراپ، ئشچلارنڭ كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلقنى كۈچەيتىش كېرەك.

2. كارخانا روھى ئارقلق خوجايىن بلەن چاكار، ئشچى بلەن باشقۇرغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى بر يەرگە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. كارخانا روھى — كارخانىنڭ يېتەكچى بايرقى، كارخانىنڭ ئىنتىلىش نىشانىسى، كارخانىنڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى. كارخانا روھىنى تىكلەش ئارقلق ساغلام شىجائەتنى تۇرغۇزۇپ، ئىززەت - ئابروي تۇرغۇزۇپ، «زاۋۇت روناق تاپسا بىزگە شەرەپ، زاۋۇت ھالاك بولسا بىزگە نومۇس»، «زاۋۇت بلەن ھايات - ماماتتا برگە بولۇش» ئېتىقادىنى تۇرغۇزۇپ، مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ئىبارەت بۇ ۋاستە ئارقلق خوجايىن بلەن چاكارنى، ئشچى بلەن باشقۇرغۇچىنى بىر - بىرىگە زىچ باغلاش كېرەك.

3. ئشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىينڭ رولى كۈچەيتىلىشى كېرەك. ئېنىقلۇقلىش زۆرۈركى، ئشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئشچلار سىنپىنڭ خوجايىنلق رولنى ئۆتۈشىدىكى مۇھىم شەكىل، كارخانىدا ئشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىينڭ رولنى ھەقىقىي جارى قلدۇرۇش زاۋۇت باشلىقىنڭ دېگىنى دېگەن بولىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىش، كارخانىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنڭ مۇھىم تەدبىرى.

4. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئشچلارنى چۈشىنىش، ئشچلارنى ھۆرمەت قلش، ئشچلارغا غەمخورلۇق قلش كېرەك. كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشتا، رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلنى قوللىنىپ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ بېرىش كېرەك. بىرىنچىدىن، نىشانلق رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلنى قوللىنىش. ئشچلارغا خىزمەتنڭ ئېگى - تەكتىنى تاپشۇرۇش ئارقلق، كۆرەش نىشانىسى ھەممە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئشچلارنى ئاكتىپ ئشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش. ئىككىنچىدىن، ئۈلگە كۆرستىپ رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلنى قوللىنىش. باشقۇرغۇچىلار ئۆزى باشلامچىلق بلەن ئۈلگە كۆرستىش ئارقلق ئشلەپچىقارغۇچىلارغا تەسىر كۆرستىش. ئۈچىنچىدىن، غەمخورلۇق قلىپ رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلنى قوللىنىش. تۆتىنچىدىن، تەقدىرلەش، تەنقىدلەپ رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلنى قوللىنىش. مۇۋاپىق ھالدا تەقدىرلەش ۋە تەنقىدلەش ئۇسۇلنى قوللىنىش بىر خىل رەھبەرلىك سەنئىتى، بۇ ئارقلق ئىلغارلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئارقىدا قالغانلارغا تۈرتكە بولۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش بىلەن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە

نىياز ئەخمەت

ماركسىزمنىڭ «ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش» نەزەرىيىسى بويىچە، مەملىكىتىمىزنى ئىمكانقەدەر تىز ۋاقىت ئىچىدە تۆتتە زامانىۋىلاشقان، يۈكسەك دېموكراتىيە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسنى پىلانلىق ھالدا تىزگىنلەپ، نوپۇسنىڭ ئارتۇقچە كۆپىيىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. چۈنكى، نوپۇسنىڭ تۆۋەن سۈرئەت بىلەن كۆپىيىشى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش—مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاپ، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى «ھاللىق» سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ھەمدە كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىش ياكى ئۇنىڭغا يېتىۋېلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز؟ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ مىقداردىكى مەبلەغقە مۇھتاج. ئەگەردە بىر بالا ئاز تۇغۇلسا، بىر كىشىلىك ئىستېمال ئازىيىپ، جۇغلانما كۆپىيىپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كېڭىيىدۇ. بىز مەبلەغنىڭ بىر قىسمىنى سىرتتىن قوبۇل قىلغاندىن باشقا، ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ جۇغلاتمىسىغا تايىنىپ ھەل قىلىمىز. مىللىي دارامەت ئۆزگەرمىگەن شارائىتتا، جۇغلانمىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى نوپۇسنىڭ سانى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، نوپۇس كۆپ بولسا، ئىستېمالنىڭ ئومۇمىي مىقدارى كۆپىيىدۇ. ئالايلۇق، ھازىر دۆلىتىمىزدە ھەر يىلى 14 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس ساپ كۆپىيىدۇ، شەخسىي ئىستېمال بىلەن ئىجتىمائىي ئىستېمالنى ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ھەر يىلىغا 400 يۈەن كېتىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 5 مىليارد 600 مىليون يۈەنلىك ئىستېمال فوندى ئاشىدۇ، 3 مىليون 500 مىڭ توننا ئاشلىقنى ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىشقا، 100 مىليون مېتىر رەختنى ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق بولغاندا، مۇقەررەر ھالدا جۇغلانمىنىڭ كۆلىمى ۋە سۈرئىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەكسىچە، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى تۆۋەنلىسە، جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ نىسبىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم دەپ كۆرسەتتى. پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا، ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تارىخىي پەيتىدە، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تەكىتلىدى. نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش — تۈزەش، ياخشىلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلىگەندە، يېڭىدىن كۆپەيگەن نوپۇسنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى

ئازايتىش كېرەك، شۇ ئارقىلىق ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەمىناتنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئازايتقىلى بولىدۇ. يېزا ئاھالىسىنىڭ ئارتۇقچە تېز كۆپىيىشى بولسا، يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان مۇھىم ئامىل. يېزىلاردا پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ بۇ تۈپ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش — يېزا ئىگىلىكنى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرىدۇر. دېھقان بىر بالىنى ئاز تۇغسا، ئائىلىسىنىڭ ئىستېمالىنى ئازايتىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر قىسىم مەھسۇلاتنى ئىقتىساد قىلىپ ئۇنى سېتىپ خەجلىيەلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەم شەخسنىڭ كىرىمى ئاشىدۇ، ھەم ئىجتىمائىي جۇغلانما كۆپىيىدۇ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ياردەم قىلغان بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، 1 مىليون 300 مىڭ نوپۇس ئاز تۇغۇلۇپ، دۆلەت ئۈچۈن 6 مىليارد 700 مىليون يۈەن پۇل تېجەپ قېلىندى. بۇ پۇل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ بىر ھەسسىگە، 1988 - يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ تۆت ھەسسىگە، 1988 - يىللىق مائارىپ راسخوتىنىڭ ئون ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ھەر بىر كىشىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 جىڭدىن ئاشلىق تېجەپ قالدى دەپ ھېسابلىغاندا، ھەر يىلغا 720 مىليون جىڭ ئاشلىق تېجەپ قېلىنغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلەتكەندە، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى، زامانىۋى مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىگەن زور بىر پەن - تېخنىكا قوشۇنى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش كىشىلەرنىڭ پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە نىسبەتەن يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. ۋاھالەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا تەربىيىلىنىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىزدە ھازىر يەنە 200 مىليوندىن ئارتۇق ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار بار. شىنجاڭدا 12 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر ئىچىدە ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتلار 2 مىليون 730 مىڭغا يېتىپ، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20.90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى جىددىي كۆپىيىۋاتقان نوپۇسنىڭ تۇرمۇش سەرپىياتىغا چىقىم قىلىنغانلىقتىن، مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئازىيىپ كەتتى، بۇ ھال مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، مائارىپ ئىشلىرى گەرچە كۆپ يۈكسەلگەن بولسىمۇ، لېكىن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىدىن خېلى يىراق، بولۇپمۇ دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئالغاندا، 20 ياشتىن تۆۋەن 480 مىليون نوپۇس بار. دۆلەتنىڭ ھەر يىللىق مىللىي دارامەتتىن مائارىپقا ئاجراتقان سوممىسى مۇنچىۋالا نوپۇسنى تەربىيىلەشكە ھەرگىز يەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مەملىكەت بويىچە ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى بالىلارنىڭ 6 پىرسەنتى مەكتەپكە كىرەلمەيدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 12 پىرسەنتى تولۇقسىزغا كىرەلمەيدۇ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 59 پىرسەنتى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 95 پىرسەنتى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلمەيدۇ. شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ

38.8 پىرسەنتىنى، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 6.4 پىرسەنتىنى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 0.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1982 - يىلىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەر 10 مىڭ كىشىنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى كىشىلەردىن ئامېرىكىدا 523 ئادەم، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 195 ئادەم، ياپونىيىدە 212 ئادەم، كانادادا 295 ئادەم، يۇگوسلاۋىيىدە 156 ئادەم، جۇڭگودا 59 ئادەم توغرا كېلىدىكەن. دۆلىتىمىزدە سۈپىتى تۆۋەن بولغان نوپۇسنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ بولۇش ھالىتى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلىپى بىلەن ماسلىشالمايدۇ. بۇنداق زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىپ، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلەتكەندە، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش — تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم يولى. تۆۋەنتە بىزنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇسنىڭ بەك تېز كۆپىيىۋاتقانلىقى بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ماسلىشالمايدىغان قىلىپ قويدى. ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، دۆلىتىمىزدە ھەر يىلى پەقەت شەھەرلەردىنلا ئەمگەك يېشىغا كىرىدىغان نوپۇس 3 — 4 مىليونغا يېتىدىكەن. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تېخنىكىنى ئىگىلەش سەۋىيىسىنى ئىمكانقەدەر ئۆستۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشمۇ مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى ئاستىلىتىلسا، تۇرغۇن ئىستېمال مەبلىغىنى تېجەپ قېلىپ، ئۇنى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە سەرپ قىلغىلى بولىدۇ.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى ئاستىلىتىلسا، ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىگىلەيدىغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى ئازايتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى جۇغلانما بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئەمگەك كۈچلىرى ۋە نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەش، بىر تەرەپتىن، كۆپ ساندىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىسراپ بولۇش ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىشكە پايدىلىق بولۇپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىستېمال مەبلىغى ۋە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى چىقىملارنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى جۇغلانمىنى كۆپەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلىنىشىنى ياخشىلىغىلى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ — ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ يولىدۇر.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش — ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىقتۇر. ئادەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇش ئۈچۈن، مەلۇم ياشقا يەتكەندە، جەزمەن مەلۇم ئەمگەك ئورنىغا ئورۇنلىشىپ، مەلۇم بىر ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى بىلەن بىرلەشكەندە، ئاندىن رېئال ئەمگەك كۈچىگە ئايلىنالايدۇ. مەملىكىتىمىزدە كۆپ يىللاردىن بېرى، نوپۇسنىڭ قارىغۇلارچە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، شەھەرلەردە ئىش- كۈتۈپ تۇرىدىغان ياشلار كۆپىيىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىمۇ ئېشىپ قېلىپ، ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى ئۈچ ئادەم ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلە. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياج نىسبىي ھالدا ئازايدى. شۇڭا، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ قىيىن بولۇشى تۆۋەنتىمۇ ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدىمۇ گەۋدىلىك ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،

ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭلىك دەرىجىسىگە يۈرۈش قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە چوقۇم تېزلىك بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەمىنلەشنى ئازايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش كېرەك.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىش — دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قالاقلىق قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجىدۇر. شىنجاڭنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى (ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 10.10 پىرسەنت، مەملىكەتنىڭ 8.1 پىرسەنت) بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتىدىن تۆۋەن (ئاپتونوم رايوننىڭ 11.5 پىرسەنت، مەملىكەتنىڭ 13.7 پىرسەنت). بۇ ھال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نوپۇسنىڭ ئۆسۈشى تېز بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئېشىپ قېلىۋاتىدۇ. يېزىلارنىڭ سانائەت، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تۈرلۈك پايدىلىق بولمىغان شارائىتلارنىڭ چەكلىشى تۈپەيلىدىن ئاستا بولماقتا. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاستتا يېزىلاردىكى سانائەت، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرى كەمچىل، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاۋار ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا كەمچىل بولۇۋاتقىنى ئەمگەك كۈچى بولماستىن، بەلكى مەبلەغ، ئىقتىساس ئىگىلىرى، ئېنېرگىيە، ئۇچۇردىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنىلا بىر قىسىم ناھىيەلەر تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى يوق، ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ مالىيەسىدىن ھەر يىلى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن زور مىقداردا مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىلىدۇ. بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق نۇقتىلىق نامرات رايونلاردا يېزا خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋەزىپە يېزا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، نامراتلارنى يۆلەش بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا، بۇ رايونلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش خىزمىتىگە نىسبەتەن ئۇزاق مۇددەتلىك ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

(بېشى 46 - بەتتە)

بۇ ئۇقۇملارنىڭ باغلىنىشى شۇكى: (1) سىياسىي لۇشيەن — تەشكىلىي لۇشيەننى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئاساسى، قانداق سىياسىي لۇشيەن بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان تەشكىلىي لۇشيەن ۋە سىنىپىي لۇشيەن بولىدۇ. تەشكىلىي لۇشيەن ۋە سىنىپىي لۇشيەن — سىياسىي لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئەگەر توغرا تەشكىلىي لۇشيەن ۋە سىنىپىي لۇشيەن بولمايدىكەن، سىياسىي لۇشيەن ئوتتۇرىغا قويغان باش ۋەزىپە ۋە باش نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. (2) ئاممىۋى لۇشيەن — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تۈپ سىياسىي لۇشيەنى، تەشكىلىي لۇشيەنى ۋە سىنىپىي لۇشيەنى، شۇنداقلا پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئەڭ تۈپ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى. ئەگەر ئاممىۋى لۇشيەن بولمىسا، توغرا سىياسىي لۇشيەن، تەشكىلىي لۇشيەن ۋە سىنىپىي لۇشيەنلەرنى تۈزۈپ چىققىلى بولمايدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاممىۋى لۇشيەن — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بارلىق پائالىيىتى ۋە بارلىق خىزمىتىگە سىڭگەن تۈپ لۇشيەنىدۇر.

# يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئاساسلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى قايسىلار؟

نىياز ۋاھىت

يەككە سودا ـ سانائەتچىلەردە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ئاساسلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بولغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرى بولىدۇ.

ئاساسلىق ھوقۇقلىرى:

1. مال ـ مۈلۈككە قانۇنىي يول بىلەن ئېرىشىش ھوقۇقى. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋالسا بولىدۇ، بىراق ئۇ نەرسىلەر قانۇندا يول قويۇلغان نەرسىلەر بولۇشى ھەمدە نورمال يول ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلۈشى لازىم.

2. مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر مال ـ مۈلۈككە قانۇنىي يول بىلەن ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغىمۇ ئېرىشىدۇ، يەنى ئۆز مال ـ مۈلكىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن ئۈنۈم ئېلىش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

3. تىجارەت قىلىش ھوقۇقى. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، تىجارەت كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىنلا، بەلگىلەنگەن دائىرىدە تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ ـ دە، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ياردەمچى تەكلىپ قىلىش، شاگىرت قوبۇل قىلىش، بانكىدا ياكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدا ھېساب ئېچىش، قەرز پۇل بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقلىرىدىنمۇ بەھرىمەن بولىدۇ.

4. توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ھوقۇقى. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تۈرلۈك كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ھەمدە باشقا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

5. دۇكان نامى ھوقۇقى. بۇ نام قويۇش، ئۇنى مەخسۇس قوللىنىش، ئۇنى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر يەككە تىجارەتچىنىڭ دۇكىنى داڭ چىقارغان بولسا، شۇ دائىرىدىكى باشقا بىر تىجارەتچى ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇ دۇكاننىڭ نامىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ؛ قوللىنىشقا توغرا كەلسە، كېڭىشىش ئارقىلىق، ئەسلى قوللانغۇچى ئۆتۈنۈپ بەرگەندىن كېيىنلا قوللىنىشقا بولىدۇ.

6. ئەقلىي مۈلكىيەت ھوقۇقى. بۇ ئەسەر ھوقۇقى، پاتېنت ھوقۇقى، تاۋار ماركىسى ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7. توختام ئىمزالاش ھوقۇقى. «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ھەق تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ، ھەر قانداق ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇن ۋە شەخس بىلەن توختام ئىمزالاشقا ھوقۇقلۇق.

ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلىرى:

1. نورمال تىجارەت قىلىش مەجبۇرىيىتى. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر قانۇن ـ نىزاملارغا ئەمەل قىلغان ھالدا ئادىللىق بىلەن تىجارەت قىلىشى لازىم. بەلگىلەنگەن تىجارەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىشكە، خېرىدارلارنى ئالداپ، ساختا نەرسىلەرنى سېتىشقا، ئاز ئۆلچەپ، كەم جىڭلاپ بېرىشكە، كەسپداشلىرىنى بوزەك قىلىپ، بازار زومىگەرى بولۇۋېلىشقا، ھايانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

(ئاخىرى 57 ـ بەتتە)

# سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمى

چېن جيه نجاڭ

بۇ يىل 3 ـ ئايدا ئېچىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق (نۆۋەتتىن تاشقىرى) خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا گورباچيېپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدا تېخى بىرىنچى قېتىملىق ئىش.

**زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمى ھەققىدىكى پەرەزنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى:** زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پەرەز بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئېچىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گورباچيېپ شۇ چاغدا بۇ يىغىندا بەرگەن دوكلاتىدا: «ھازىر ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە تۆۋەنلىشىنەزەرىدىن قارىغاندا ۋە نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغاندا، ئالىي تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمىدا يېڭىباشتىن كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر بولماقتا»، «زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، زۇڭتۇڭدا ئىسلاھات سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق ھوقۇق بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ـ قويماسلىق مەسىلىسى توغرىسىدا قىزغىن مۇھاكىمە قانات يايدى. كۆپ سانلىق كىشىلەر زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار ھازىر پىكىر كۆپ مەنبەچىلىكى يولغا قويۇلغاچقا، تۈرلۈك مەسىلىلەردە بىردەك پىكىرگە كېلىش ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، زۇڭتۇڭغا تولۇق ھوقۇق بېرىپ، ئۇنى مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە تېز ۋاقىتتا قارار چىقىرىش ۋە ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، دېيىشتى. لېكىن بەزى بىر نەچچە نۆۋەتتىكى ھالقىلىق مەسىلە زۇڭتۇڭ قويۇش ـ قويماسلىق مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە مۇرەككەپ مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، دەپ قارىدى. 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا بىر كۈن قاتتىق مۇنازىرە قىلىنىش ئارقىلىق، 347 كىشىنىڭ ئاۋاز بېرىشى، 24 كىشىنىڭ قارشى ئاۋاز بېرىشى، 43 كىشىنىڭ سايلاش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسىتى ئوتتۇرىغا قويغان زۇڭتۇڭ قويۇش ھەققىدىكى تەكلىپى ماقۇللاندى. كەينىدىنلا، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە، موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق (نۆۋەتتىن تاشقىرى) خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئاساسىي قانۇندا زۇڭتۇڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى پۇقرالار تەرىپىدىن بىۋاسىتە سايلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتتە «مۇرەككەپ دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى» نەزەردە تۇتۇلۇپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ قارارى بويىچە، تۇنجى قېتىملىق زۇڭتۇڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلدى. شۇنداق قىلىپ، 15 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 3 ـ قېتىملىق (نۆۋەتتىن تاشقىرى) خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا گورباچيېپ 495 ئاۋازغا قارشى 1329 ئاۋاز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.

**زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقى:** سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىتلىرىنىڭ ئېلان قىلىشىغا قارىغاندا، زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قانۇن لايىھىسىدا ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ھوقۇق بولىدۇ:

— سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكىگە، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە تۈرلۈك قانۇنلارغا ئىتائەت قىلىشىغا ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلىدۇ، ئىگىلىك ھوقۇقى، بىخەتەرلىك ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛

— مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، زۇڭتۇڭ دۆلەت قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى؛

— سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا دۆلەت ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىدۇ، ھۆكۈمەت باشلىقى،

خەلق رىۋىزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئالىي سوۋېتنىڭ باشلىقى ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ؛

— سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھۇجۇمغا دۇچكەلگەندە، زۇڭتۇڭ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ياكى قىسمەن سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بارىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش ئۈچۈن، زۇڭتۇڭ بەزى جايلاردا جىددىي ھالەت يۈرگۈزىدۇ ۋە ۋاقىتنچە ئۈنكوزۇۋېلىپ باشقۇرىدۇ.

زۇڭتۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فېدىراتىپ كومىتېتىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، فېدىراتىپ كومىتېتى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. فېدىراتىپ كومىتېت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى بەلگىلەيدۇ.

زۇڭتۇڭنىڭ قارىمىقىدا زۇڭتۇڭ كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ. زۇڭتۇڭ كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىي فاكتىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ كومىتېت ھۆكۈمەت باشلىقى (مىنىستىرلەر سوۋېتىنىڭ رەئىسى)، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، مەملىكەتلىك بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق 16 كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

زۇڭتۇڭنى قوغداش پەخرىي قانۇنى: سوۋېت ئىتتىپاقى «ھەقىقەت گېزىتى» نىڭ 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ ئىككى پالاتاسى «سوۋېت ئىتتىپاقى زۇڭتۇڭىنى قوغداش پەخرىي قانۇنى ۋە قەدىر - قىممەت قانۇنى» نى ماقۇللىغان. بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئومۇمەن كىمكى زۇڭتۇڭنى ئاشكارە ھاقارەتلىسە ياكى ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىسا، ئۈچ يىلدىن ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، ئىككى يىلدىن ئۇزۇن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى 3000 روبلىدىن ئۇزۇن جەرىمانە قويۇلىدۇ. گېزىت - ژۇرناللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى زۇڭتۇڭىنى ھاقارەتلەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنسا، سوت مەھكىمىسى 25 مىڭ روبلىدىن ئۇزۇن جەرىمانە قويىدۇ، ئەگەر يەنە بىر قېتىم ئاشۇنداق قىلىنسا پېچەتلىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى قانۇن تەسىس قىلىش كومىتېتىنىڭ رەئىسى يۇربى. كارمىكوۋ بۇ قانۇننى ماقۇللاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە توختالغاندا دۆلەت باشلىقىنى پەۋقۇلئاددە قوغداشقا توغرا كېلىدۇ، دۆلەت باشلىقىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە ئۇنى ھاقارەتلەش جەزمەن جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ، دېدى.

---

(بېشى 55 - بەتتە)

2. قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى. يەككە سودا - سانائەتچىلەر تىجارەت سوممىسىنى ئەينەن مەلۇم قىلىپ، دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە باجنى ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇرۇشى لازىم. يالغانچىلىق قىلىپ، تاپاۋىتىنى يوشۇرۇپ، باج تاپشۇرماسلىققا، ئاز تاپشۇرۇشقا ۋە قارشىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

3. ھەق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى. يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان تىزىملاش ھەققى، باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇرۇشى لازىم.

4. ئالاقىدار قانۇنلارغا رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتى. يەككە - سودا - سانائەتچىلەر يېمەكلىكلەر تازىلىقى، ئۆلچەم، مۇھىت ئاسراش، بازار باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئائىت قانۇن - نىزاملار ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، قانۇننى بىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىم.

5. توختامنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى. يەككە سودا - سانائەتچىلەر توختام ئىمزالىغان بولسا، سەممىي - سادىق بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، توختامنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، ئىناۋەتلىك ئادەم بولۇشى لازىم.

6. قەرز تۆلەش مەجبۇرىيىتى. يەككە سودا - سانائەتچىلەر قەرز ئالغان بولسا ياكى توختامغا خىلاپلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش سەۋەبىدىن توختامغا خىلاپلىق قىلىش پۇلى، تۆلەم پۇلى تۆلەشكە توغرا كەلگەن بولسا، ئۆتكۈزۈشلۈق قىلىپ تۆلىمەي تۇرۇۋالماي، ئاكتىپلىق بىلەن تولۇق تۆلىشى لازىم. تۆلىمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرنىڭ ئەرزىگە بىنائەن قانۇن بويىچە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرىدۇ.

# ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ كاتىپى
# تيەن جيايىڭ



پاڭ شيەنجى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

(3) سىز جېجياڭغا بېرىڭ، خۇجياۋمۇ خۇنەنگە، چېن بودا گۇاڭدۇڭغا بارسۇن. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن يېزىلارنى تەكشۈرۈڭلار. ئالتە نەپەر گۇرۇپپا ئەزاسى ئىككى كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىرەيلەن گۇرۇپپا باشلىقى. ئىككىيلەن گۇرۇپپا ئەزاسى بولسۇن. چېن بودا، خۇجياۋمۇ ۋە تيەن جيايىڭلار چوڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولسۇن. بىر كىچىك گۇرۇپپا (ئۈچ كىشىلىك) ھەممىدىن ناچار ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن بىرنى تەكشۈرسۇن. يەنە بىر كىچىك گۇرۇپپا ھەممىدىن ياخشى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن بىرنى تەكشۈرسۇن. ئوتتۇرا ھال دۈيلەرنى تەكشۈرمەڭلار. تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋاقتى ئون كۈندىن 15 كۈنگىچە بولسۇن. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، گۇاڭدۇڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچ گۇرۇپپىدىكى يولداشلار مەن بىلەن ئۇچرىشىپ ماڭا دوكلات قىلىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۇاڭجۇ شەھىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىمىز، بۇ يەردە ساناتەتنى تەكشۈرىمىز، بۇنىڭغىمۇ بىر ئاي ۋاقىت كەتسە، ھەممىسى قوشۇلۇپ ئىككى ئاي بولىدۇ. ھەممىمىز باھار بايرىمىنى گۇاڭدۇڭدا ئۆتكۈزىمىز.

ماۋ زېدۇڭ

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە بۇ خەتنى ئۈچ گۇرۇپپىدىكى 21 يولداش كۆرۈپ چىقسۇن ھەمدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارسۇن، بۇ ھەممىدىن مۇھىم، ھەممىدىن مۇھىم !!!

ماۋ زېدۇڭ

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن مەركىزىي كومىتېت ئارخىپخانىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسىنى تەھرىرلەۋاتاتتىم. ئۇشتۇمتۇت تيەن جيايىڭدىن تېلېفون كېلىپ قالدى، ئۇ تېلېفوندا ماڭا جۇڭنەنخەيگە دەرھال قايتىپ بېرىشنى ئېيتتى. مەن ئالدىراپ - تېنەپ قايتىپ بېرىپ ماۋزېدۇڭنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم - دە، يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتىم.

تيەن جيايىڭ رەھبەرلىكىدىكى جېجياڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىزدىن قوزغىلىپ، ئەتىسى بېيجىڭدىن چىقىپ، 22 - كۈنى خاڭجۇغا يېتىپ باردى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق يامانلىشىپ ۋەيران بولۇش دەرىجىسىگە يېقىنلىشىپ قالغان، ماۋ زېدۇڭ ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ كاللىسى سەگەكلەشكەن ۋاقىتتا. شۇنداقلا ماۋزېدۇڭ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىشلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىيىنچىلىق ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغان بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى. يېزىلارنى تەكشۈرۈشكە ئىنچىكە قىزىقىپ كەلگەن. دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالغانلىقىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ كەلگەن تيەن جيايىڭنىڭ مۇشۇنداق پەيتتە ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن بىر ئاز كۈچ قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىغا خۇشال بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

جېجياڭنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكوم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭنىڭ ئىككى باشنى ئوتتۇرىسىنى تۇتۇش ئىبارەت تەكشۈرۈش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، جياشەن ناھىيىسى (بۇ ناھىيە كېيىن جياشىڭ ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەن) دە ناچار ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن بىرنى، فۇياڭ ناھىيىسىدە ياخشى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن بىرنى تاللاپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. مەن خېخى دېگەن ناچار ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە تەيىنلەندىم. بۇ تيەن جيايىڭ تۇتقا قىلىپ تۇتقان دۈي ئىدى. شۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش دۈي دېيىلگەنلەر كېيىنكى چاغلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش داددۈيلىرى بولۇپ، تەخمىنەن ھازىرقى چوڭ تەبىئىي كەنتكە توغرا كېلىدۇ. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ئۆلكىدىكى يولداشلارمۇ قاتناشتى. جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇچاغدىكى مۇئاۋىن باش كاتىپى شۈ جۈي بۇ تەكشۈرۈشكە باشتىن - ئاخىر قاتناشتى. ماۋ-زېدۇڭ خاڭجۇدا تۇرۇپ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇراتتى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تيەن جيايىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، خىزمەتلەرنى جانلىق ۋە ئەسىرلىك، روھلۇق ۋە ئىتتىك ئىشلىدى. ھەم تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەرنى تېپىپ

چىقتى، ھەم يەرلىك كادىرلار ئىچىدە ئۈلگىلىك رول ئوينىدى.

تيەن جيابىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە: «مېگىنى ئىشقا سېلىش»، «مەسىلە تېپىشقا جۈرئەت قىلىش» دېگەن ئىككى جۈملە سۆزنى يېتەكچى ئىدىيە قىلدى. ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى ئەرىتسىدە بىر جۈپ مەسنەۋى يېزىپ چىقتى، ئۇنىڭ بىرى: «تاماقتا بىللە بولۇش، يېتىپ - قوپۇشتا بىللە بولۇش، ئەمگەكتە بىللە بولماسلىق»، يەنە بىرى: «ئويلاشقا جۈرئەت قىلىش، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىش، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلماسلىق» تىن ئىبارەت، ئۇنىڭدا يەنە «بىرنىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش» دېگەن سۆزمۇ بار. نېمە ئۈچۈن «بىللە ئەمگەك قىلىش» تەكىتلەنمەيدۇ؟ شۇ چاغ قىش كۈنلىرىدىكى بوش مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈش خىزمىتىمۇ ناھايىتى جىددىي ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا «ئەمگەكتە بىللە بولۇش» يولغا قويۇلسا، ئۇ شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، تەكشۈرۈشكە ئەسىر يېتىشى تۇرغان گەپ، لېكىن تۇرمۇشتا، تيەن جيابىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارغا قاتتىق تەلەپ قويغانتى، ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا يول قويمايتتى. بىر تەكشۈرۈش كىچىك گۇرۇپپىسى بىر گۆشكىنىغا يېتىپ بېرىش بىلەنلا، گۆشكىنى كادىرلىرى بىر چوڭ چىنە چوشقا گۆش ئەپكېلىپ بەرسە، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار يەپتۇ. تيەن جيابىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە دەرھال بېرىپ، بۇ ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ، خەق قورسىقى تويغۇدەك تاماقمۇ يېيەلمەيۋاتسا، سىلەر نېمىشقا گۆش يەپسىلەر! دەپ قاتتىق تەنقىد قىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتتۈرۈپتۇ. كېيىن شۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا، ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە يەرلىك كادىرلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ: «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا كەمچىلىك بار، دەسلەپتە گۆشكىنى گۆش بەرسە، ئۇلار رەت قىلمىغان، بۇ بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز» دېگەن. «ئويلاشقا جۈرئەت قىلىش، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىش» دېگەنلىك ئىدىيىۋى رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چەك قويماسلىق، ھەر قانداق گەپ بولسا دەۋېرىش، ھەر قانداق پىكىر بولسا بېرىش دېگەنلىكتۇر. «ئىشلەشكە جۈرئەت قىلماسلىق» دېگەنلىك يەرلىك خىزمەتلەرگە كاشىلا قىلماسلىق، ئۈچۈن، سىرتقا قارىتا، بولۇپمۇ يەرلىك خىزمەتلەرگە قارىتا پىكىر بولسا، تەشكىل ئارقىلىق ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىنكاس قىلىش، ئۆزۈەندە قول سېلىپ، خالىغانچە قوماندانلىق قىلىشقا يول قويماسلىق، دېگەنلىكتۇر.

تيەن جيابىڭ تەكشۈرۈش جەريانىدا، يەرلىك كادىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇلارغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. يەنە ئۇلارنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ پرىنسىپى بويىچە يېتەكلەيتتى ۋە تەربىيىلەيتتى. بىر قېتىم ناھىيە، گۆشكىنى كادىرلىرى ۋە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قاتناشقان يىغىندا، تيەن جيابىڭ: «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار مەغرۇرلانماسلىقى، چوڭچىلىق قىلماسلىقى كېرەك. يۇقىرىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خەلقنىڭ بىر نەرسە (غەللە - پاراق) ئالماستىن، ھامان ئۇلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا، خەلققە ئويدان تەسىر بېرىدۇ. گۆشكىنى كادىرلىرىنىڭ كۆڭلى بىزنىڭكىدىن تەس. تىللىنى سىلەر ئىشتىسىلەر، ياخشى گەپنى بىز ئاڭلايمىز» دېگەنىدى. بۇ سۆزلەر ھەم تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارغا تەربىيە بولدى، ھەم يەرلىك كادىرلارنىڭ دەردىگە سەممىي ئورۇندا يەتكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارا چۈشىنىش ۋە ئىتتىپاقلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

راستىنى ئېيتقاندا، شۇ چاغلاردا ئۇزۇنغىچە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، پرىنسىپقا توغرا بولسىلا، مەسىلە تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە مەسىلىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئەمما مەسىلە تېپىشنى ئانچە قىيىن ئەمەس دېگىلىمىز بولمايتتى. ھالقىلىق مەسىلە ئىدىيىۋى ئاسارەتتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، مەسىلىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىش - قىلالماسلىقتا ئىدى. ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىسىدا، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىسى چىڭ بوغۇلۇپ قالغان بولۇپ، سىزىقتىن قىلچە چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئەھۋال پەيدا بولغانىدى. بەزىلەر بەزى مەسىلىلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بەزى مەسىلىلەرنى خاتا ھالدا توغرا دەپ قارايتتى. ئاشخانا مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىككى ئۇقتىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراش بار ئىدى. بىر ئۇقتىدىكى تەكشۈرۈشتە ئۇلار ئۇزۇنغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ كېتەلمىگەنلىكتىن، كونا رامكىلارنىڭ ئاسارىتىدىن يەنىلا قۇتۇلالماي، ئىلاج قىلىپ ئاشخانىنى ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك، دېگەن يەكۈننى چىقاردى، يەنە بىر ئۇقتىدىكى تەكشۈرۈشتە بولسا، ئۇلار ئامما ئاشخانا ئۈستىدىكى كۈچلۈك نارازىلىقنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلىكتىن، ئاشخانىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ كېتىش تەس، ئۇنى تارقىتىۋېتىش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدى. تيەن جيابىڭ كېيىنكى بىر ئۇقتىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانىدى. ئەمما، مەسىلە تېپىشقا ماھىر بولۇش - بولماسلىق بىر ئىش، ئاشخانىغا ئوخشاش بۇنداق تېز تەسىر كۆرسىتىدىغان

مەسىلىنى ماۋ زېدۇڭغا ئىنكاس قىلىشقا جۈرئەت قىلىش - قىلالماسلىق باشقا بىر ئىش ئىدى. شۇ چاغدا، ئاشخانىنى قوغداپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئىچىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك بەزى مەسئۇل كادىرلار، بەزى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى بار ئىدى، بۇنداقلار خېلى كۆپ ئىدى؛ بۇرۇن بەزىلەرنىڭ ئاشخانا مەسىلىسى توغرىلىق «ئوڭچىل ئاغمىچى» بولۇپ قالغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بار ئىدى؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەمدىلا تارقىتىلغان «12 ماددىلىق» يوليورۇق خېتىدە «ئاشخانىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش»، ۋەھاكازالار ئېنىق بەلگىلەنگەن. تيەن جىيايىڭ بۇلارنى ئويلىمىغان بولسا ئەمەس ئىدى، ئەمما ئاخىر يەنىلا ماۋ زېدۇڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلغانىدى. تيەن جىيايىڭنىڭ ئۆز گېپىنى توغرىدىن - توغرا دېيىشكە جۈرئەت قىلىش روھى ھالقىلىق پەيتتە يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى. يەنە بىر مەسىلە، يەنى يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنىڭ كۆپلەپ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە دېگەن مەسىلە بار ئىدى. بىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جايلارنى ئېلىپ ئېيتساق (خېلىلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە)، بۇ تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئەمەس، بولۇپمۇ دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۆزۈل - كېسىل بولمىغانلىقى، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئىرىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەمەس، پۈتۈنلەي «بەش شامال» نىڭ كاساپىتىدىن بولغان. تيەن جىيايىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنىمۇ ماۋ زېدۇڭغا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدى. مەن تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان ھېلىقى خاڭجاۋ تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بېلىق ۋە گۈرۈچ كۆپ چىقىدىغان خېخې ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئادەتتە مو بېشىدىن 600 جىڭدىن ھوسۇل ئېلىپ كەلگەن، 1960 - يىلى ئاران 291 جىڭدىنلا ھوسۇل ئالدى. بۇ سان ماۋزېدۇڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇ ئاشۇ ناھىيىنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئۇنى تەنقىد قىلدى.

تيەن جىيايىڭ تارىخنى تەكشۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ مېنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىمگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، مېنى ئۆلكىدىن كەلگەن بىر يولداش بىلەن بىللە خېخې ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى، يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ گوڭشېلاشتۇرۇلۇشقىچە بولغان پۈتۈن تارىخىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىشقا قويدى. بۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى، بىر پېشقەدەم كەمبەغەل دېھقان، بىر پېشقەدەم ياللانما دېھقان، بىر پېشقەدەم ئوتتۇرا دېھقان ۋە بىر ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ دۈيجاڭى بولۇپ، جەمئىي تۆت ئادەم قاتناشتى. بىز بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارغا سوئال قويۇشۇپ، ئۇلارنى جاۋاب بېرىشىپ ئۆتتۇق. بۇ ھەم تەكشۈرۈش يىغىنى، ھەم مۇزاكىرە يىغىنى بولدى، بۇنداق پائالىيەت ئۇدا بەش - ئالتە كۈن داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى بىر قەدەر تولۇق ئۇقۇپ چىقتۇق. بۇنىڭ جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ھەر قايسى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى ئەھۋالنى بىلىشكە پايدىسى چوڭ ئىدى. تارىخىي سېلىشتۇرما بولسىلا، قانداق نەرسىلەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ياخشى نەرسە ئىكەنلىكىنى، قانداق نەرسىلەرنىڭ تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك بولغان ناچار نەرسە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ھازىر يەنە قانداق مەسىلەر ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىر قەدەر ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تيەن جىيايىڭ بۇ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەھۋالىنى، تارىختىن تارتىپ ھازىرقى ھالىتىگىچە بولغان ئەھۋالنى (جۈملىدىن كۆلىمى، تۈزۈلمىسى، ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى) ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلدى.

بۇ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش جەريانىدا، تيەن جىيايىڭ مەركىزىي كومىتېتقا خەلق گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش تەكلىپىنى بەردى، بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. كېيىن، ماۋ زېدۇڭ گۇاڭجۇ يىغىنىدا بۇ خىزمەت نىزامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تىلغا ئالغاندا، مۇنداق دېگەنىدى: «مەن كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىم؟ تيەن جىيايىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىم، ئۇ بىر نىزام تۈزۈپ چىقساق بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ، دېدى. بىز خاڭجۇدا چاغدا، مەن يولداش جياڭ خۇا، يولداش لىن خۇجيا ۋە يولداش تيەن جىيايىڭلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، بۇ نىزامنى تۈزۈپ چىقىشنى زۆرۈر تاپتۇق. نىزامنى تۈزۈپ چىقىش مېنىڭ تەشەببۇسۇم ئەمەس، باشقىلارنىڭ تەشەببۇسى، مەن بۇ نەرسىنى تۈزۈپ چىقىشنى ئۆتتۈم.»

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ تيەن جىيايىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان چاغدا، بەزى مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر شۇ چاغدىكى يەتكۈزمىنى ئاڭلىغاندا خاتىرىلىۋالغان خاتىرەمگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مۇھىم ئۇقتىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمەن:

1. قانداق قىلىپ «بەش شامال» نى تۈگىتىپ، قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى. ئاساسىي مەسىلە «بەش شامال»، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش مەسىلىسى. قالدۇرۇق يەر ۋە كۆكتات يېرىدىن باشقا، يەنە ئۈچ پىرسەنت يەرنى كىچىك ئىشلەپچىقىرىش دۈيى (ئىلاۋە: كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى) نىڭ زاپاس ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇش كېرەك، شەكلى

خىلمۇ خىل بولسىمۇ بولىدۇ.

2. قايتۇرۇش - ئۆلەش مەسىلىسى. تۆلەپ بېرىش، ۋەيران بولسىمۇ تۆلەپ بېرىشكە بەل باغلاش كېرەك. كەم بەلگىلىگەن بولسا، شۇ تۆلەپ بېرىشى لازىم. كادىرلارغا دېھقانلارنى مەھرۇم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئەكسىيەتچىلىك بولىدۇ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزمغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

3. قالدۇرۇق يەر مەسىلىسى. ھەم بېرىش، ھەم يىغىۋېلىشنىڭ داۋلىسى بار. ئىككى داۋلى ئاخىرقى ھېسابتا بىر داۋلى — يەنىلا دېھقانلارغا قالدۇرۇق يەر بېرىلىدۇ. ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۇترۇقسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى دېھقانلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بۇنداق تۇترۇقسىزلىقتىن تەجرىبە ئېلىش كېرەك. سىلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، نەزەرىيە جەھەتتە ئاساستا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، بۇنداق تۇترۇقسىزلىق داۋاملىشىۋەرسە، ناچارچىلىق، كېسەل بولۇش، يۇرتتىن قېچىپ كېتىش، غورىبەتچىلىك، ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

4. بىر خىزمەت نىزامى تۈزۈپ چىقىش، گۆشنى ئۈچ دەرىجە بويىچە باشقۇرۇشنىڭ قانداق ئىشلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلەش كېرەك. تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ناچارلىرىنىمۇ، ياخشىلىرىنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، تۈپتۈز يولغا كىرىپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ (تيەن جيايىڭ خېبېي ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇقلىق دوكلات قىلغانىدى. بۇ خىزمىتى ناچارراق دۈي ئىدى، ماۋزېدۇڭ مۇشۇنىڭغا قارىتا سۆزلىگەن ئىدى).

5. كولەم مەسىلىسى. خېبېي ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەن، ئۇنى ئۈچكە بۆلۈپ، باكى كىچىك دۈينى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش دۈينى دادۈي قىلىپ ئۆزگەرتسە، دەرىجىسىنى ئاشكارا ئۇستۇرۇپ، يوشۇرۇن چۈشۈرسە قانداق بولار. كىچىك دۈينى ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى ۋە ئىستېمال بىرلىكى قىلىشقا بولامدۇ - يوق. بىر نەچچە كىچىك دۈينىڭ پەرقى بەك چوڭ ئىكەن، تەقسىماتنى تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغاندا، ئاكتىپلىق بۇزۇلىدۇ. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىش لازىم.

6. ئاشخانا مەسىلىسى. بۇنىڭدا ئاممىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك، ئۇنىڭ شەكلى خىلمۇ خىل بولسىمۇ بولىدۇ. بوياتقىلار، ئەمگەك كۈچى قابىل بولۇپ، ئاماق قىلىدىغان ئادىمى يوقلار دائىملىق ئاشخانا قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر دېھقانچىلىق ئالدىراش چاغلاردا ئاشخانا قۇرۇشنى، ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرى ئاماق قىلىپ يېيىشنى تەلەپ قىلىدىكەن، بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاشخانىنى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك. 30 ئائىلە ئىچىدە بەش ئائىلە دائىملىق ئاشخانا قۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا دائىملىق ئاشخانا قۇرۇپ بېرىش كېرەك. چۈشقا باقىدىغانلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئاماق قىلىپ يېيىشنى تەلەپ قىلسا، رۇخسەت قىلىش كېرەك. قىسقىسى، ئاممىنىڭ تەلىپىگە يارىشا ئىش قىلىش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ھامان ئىش بۇزۇلىدۇ.

7. كادىرلارنىڭ پاك بولماسلىقى مەسىلىسى. خىيانەت قىلغانلار 30 — 40 پىرسەنتكە، پاك بولمىغانلار 70 - 80 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا بولمايدۇ. بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاممىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئىش قىلىش كېرەك. ئامما ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈشنى ماقۇل كۆرگەنلەرنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش، ماقۇل كۆرمىگەنلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك.

يۇقىرىقىلار ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇ چاغدىكى خەلق گۇڭشېسى ۋە يېزا سىياستى مەسىلىسىدىكى بىر مۇنچە ئاساسىي قاراشلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئايدىڭلاشقانىدى. بەزىلىرى مۇزاكىرە ئۇستىدە ئىدى. كېيىن ئۇ بەنە خۇنەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. مانا مۇشۇلار گۇاڭجۇ يىغىنى ئېچىش ۋە «خەلق گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت نىزامى (لايىھە)» (قىسقارتىپ «60 ماددا» دەپ ئاتالدى) نى تۈزۈپ چىقىشقا رىياسەتچىلىك قىلىشنىڭ تەييارلىقى بولدى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تيەن جيايىڭ بىلەن ئىككىمىز ماۋزېدۇڭنىڭ پويىزىغا بىنائەن. خاڭجۇدىن گۇاڭجۇغا باردۇق. 23 - كۈنى ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى گۇاڭجۇغا يىغىلىپ، خەلق گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتۇق.

نىزامنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتى ئىنچىل تۇردە ماۋ-زېدۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى نىزامنى تۈزۈپ چىقىش ھەيئىتى يىغىن ئېچىپ، نىزامنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى ئاساسەن بېكىتىپ چىقتى. يىغىنغا تاۋ جۇ، چېن بودا، خۇچياۋمۇ، تيەن جيايىڭ، لياۋ لۇيەن، جاۋ زىياڭ، دېڭ لىچۈن، شۈي لىچۈن، ۋاڭ لى ۋە ۋاڭ لۇلار قاتناشتى. يىغىنغا مەنمۇ قاتناشتىم. 27 - كۈندىن باشلاپ كونكرېت تۈزۈپ چىقىش باسقۇچىغا كىرىشتۇق. ئۇنى ئاساسلىقى لياۋلۇيەن، تيەن جيايىڭ، ۋاڭ لۇ ۋە جاۋ زىياڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا يېزىپ چىقتى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ماۋزېدۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ئۈچ جەنۇب» يىغىنى گۇاڭجۇدا ئېچىلدى. يىغىنغا جەنۇبىي

جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، غەربىي جەنۇبتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ رايوندىكى مەركىزىي بيۇرونىڭ شۆجىلىرى ۋە ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ شۆجىلىرى قاتناشتى، يىغىندا ئاساسەن خەلق گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت نىزامى ۋە يېزا ئىگىلىكى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ليۇ شاۋچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «ئۈچ شىمال» (شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمالدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ رايون) يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ماۋزېدۇڭ «ئۈچ جەنۇب» يىغىنىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى، بۇنىڭ تېمىسى ئىككى تەڭ تەقسىماتچىلىق بەنى كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى. دۈي بىلەن دۈي ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات جەھەتتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇش، بۇ، ماۋ زېدۇڭ ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن ھاسىل قىلغان بىر ئاساسىي ئىدىيە بولۇپ، خەلق گۇڭشېسى خىزمەت نىزامىنىڭ يادروسى ۋە ئۇلى بولۇپ قالدى، ھازىرقى نەزەر بىلەن قارىغاندا، ئىككى تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇنچىۋالا چوڭ ئىش ئەمەس.ئەمما، بىز ھەر قانداق بىر مەسىلىگە مۇئامىلە قىلغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت شارائىتتىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىنى جىبجياڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىغا قويمىدى. خۇنەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىدى، شۇنداقلا گۇاڭدۇڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ھەر قايسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەزى ياخشى، قىممىتى بار پىكىرلىرىنى ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋزېدۇڭ بۇ ئىدىيىنى نۇرغۇن تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يىغىنچاقلاپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى بىردىنلا يورۇپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاش ئىقتىدارى ۋە مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇۋالالايدىغان كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىككى تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەم شۇ چاغدىكى ئوبيېكتىپ تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە، ھەم ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ تونۇشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، يەنىلا تەلتۆكۈس بولمىغانىدى. ئەمما بۇ قانداقلا بولمىسۇن مۇھىم ئالغا ئىلگىرىلەش بولۇپ، پارتىيىنىڭ بىر مەزگىل ئىچىدە يېزا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالغانىدى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، «ئۈچ شىمال» يىغىنى بىلەن «ئۈچ جەنۇب» يىغىنى بىرلەشتۈرۈلۈپ گۇاڭجۇدا داۋاملاشتى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خىزمەت نىزامى تۈزنىلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى كۆپىيىسى يېزىلىپ، ئەتىسلا ماۋزېدۇڭغا يوللاپ بېرىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سائەت ئۈچتە، ماۋ-زېدۇڭ چېن بودا، خۇ چياۋمۇ، تيەن جيايىڭ، لياۋ لۇيەنلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن نىزام ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ، نىزامنى بىرمۇبىر ئاۋرىتىپ، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلدى. يىغىن نىزامنى ئىككى كۈن مۇزاكىرە قىلدى. بىر مەسىلە ئۈستىدە، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كىچىك دۈي (كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى) نى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىشقا بولامدۇ ـ يوق. دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش بولغانىدى. بۇ ھەقتە يىغىن يەكۈن چىقارمىدى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ليۇ شاۋچى جەنۇبىي جۇڭگو، شىمالىي جۇڭگو گۇرۇپپىلىرىنىڭ يىغىندا سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: (1) «بەش جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە»لەرگە قىسمەن تەمىنات تۈزۈمىنى، ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭغا دېھقانلار قوشۇلىدۇ. ئەمما قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە قارىتا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ يېيىشنى يولغا قويۇش كېرەك. تىرىك ئەمگەكنى ئۆلۈك ئەمگەككە ئايلاندۇرۇش. ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۆزى پۇل، ماددىي ئەشيا دېمەكتۇر. ئىقتىسادىي خىزمەتنى بارغانسېرى ئىنچىكە ئىشلەش دېگەنلىك ئەمگەك ۋاقتىنى تېجەپ. ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش دېگەنلىكتۇر، شۇڭا ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى ئىشلىگەنلەرگە چوقۇم پۇل بېرىش كېرەك. (2) ئائىلە قوشۇمچە كەسىپنى يولغا قويۇش، قالدۇرۇق يەر بېرىش — بۇ ئىقتىسادىي دېموكراتىيىدۇر. ليۇ شاۋچىنىڭ بۇ گېپى ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىدىيە سىڭگەن. بۇ ليۇ شاۋچىنىڭ شۇ چاغدا تەڭ تەقسىماتچىلىقتىن ئىبارەت تەمىنات تۈزۈمىگە قارىتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خىزمەت نىزامىنىڭ ئىككىنچى كۆپىيىسىنى تۈزىتىش ئىشى باشلاندى، بۇنىڭغا ھەر بىر چوڭ رايوندىن بىردىن ئۈچكىچە ئادەم قاتناشتى. شىمالىي جۇڭگو رايونىدىن تاۋلۇجيا. غەربىي شىمال رايونىدىن بەي جىمىن، شەرقىي شىمال رايونىدىن فېن جىشىن، جەنۇبىي جۇڭگو رايونىدىن ۋاڭ يەنچۇن. جاۋ زىياڭ. شەرقىي جۇڭگو رايونىدىن لىن خۇجيا. شۇ جىۋي، ۋېي ۋېنبو. غەربىي جەنۇب رايونىدىن خۇاڭ ليۇلار قاتناشتى. خۇ چياۋمۇ نىزام تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا شۇ كۈنى چۈشتە ماۋزېدۇڭ بىلەن قىلىنغان سۆھبەتنىڭ

روھىنى يەتكۈزدى. مەن ئۆزەمنىڭ شۇ چاغدىكى خاتىرەمگە ئاساسەن، سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزۈەندىكىچە نەقىل كەلتۈرىمەن:

بۇ نىزام قانداق ئىشلەندى؟ خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى ئۇتۇشىمىز سەل كېچىكىپ قالدى. بۇ قېتىم مەسىلىنى چوقۇم ھەل قىلىشقا بەل باغلىدۇق. ئىككىنچى قېتىملىق جېڭجۇ يىغىنىدا مەسىلەر تەلتۆكۈس ھەل قىلىنمىدى، مەجلىسنى ئۈچ كۈنلا ئاچتۇق، بەلكى مەجلىسنى بىر - بىرلەپ ئاچتۇق، مەجلىس ئېچىش ئۇسۇلىمىزدىمۇ مەسىلە بار. لۇشەن يىغىنى جېڭجۇ يىغىنى ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن مەسىلەرنى داۋاملىق ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى، ئارىلىقتا بىر قىستۇرما قىستۇرۇلۇپ، ئوڭچىللىققا قارشى تۇردۇق، راستىنى ئېيتقاندا، «سول» چىللىققا قارشى تۇرۇش كېرەك ئىدى. 1960 - يىلى شاڭخەيدە يىغىنىدا يېزا مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى، ئەمما ئاساسەن خەلقئارا مەسىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. بېيدەيخې يىغىنىمۇ ئاساسەن خەلقئارا مەسىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. «12 ماددا» ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى، ئەمما بۇ پەقەتلا «يۆتكەش» مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، «تەڭ تەقسىماتچىلىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 12 - ئايدىكى خىزمەت يىغىنى پەقەت پارچە - پۇرات مەسىلەرنىلا ھەل قىلدى. يېزا مەسىلىسى 1959 - يىلى يۈز بەردى، لۇشەن يىغىنىدا ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن مەسىلە ئېغىرلىشىپ كەتتى، 1960 - يىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئاچلىقتىن ئادەم ئۆلدى، بۇ ئەھۋال 1960 - يىلى يازدىلا مەركەزگە ئىنكاس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنى «يېزا خەلق گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت نىزامى (لايىھە)» نى ماقۇللىدى. شۇ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «يېزا خەلق گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت نىزامى لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىش توغرىسىدا پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارغا يازغان خېتى» نى تارقىتىپ، جايلارنىڭ بۇ نىزامنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، خەلق گۇڭشېسىدا ساقلانغان مەسىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ھەر قايسى مەركىزىي بيۇرولار، ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارغا يازغان خېتى» ماقۇللاندى. بۇ خەتنى خۇ چياۋمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن تەييارلاپ چىققان. بۇ خەت ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. بەزى مەزمۇنلار بەلكىم كىشلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مۇنداق بىر جۈملە سۆز كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاسانلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ: «تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، پاكىت ئاساسىغا ئىگە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلاشتىن قورقماسلىق كېرەك. چىقىرىلغان ھۆكۈم ۋە قارارنى ئەمەلىيەت سىنىقىنىڭ ئاغدۇرۇۋېتىشىدىن تېخىمۇ قورقماسلىق كېرەك.» بۇ يوليورۇق خېتىنى ماقۇللايدىغان چاغدا، ماۋ زېدۇڭ تيەن جيايىڭنى رەئىس مۇنبىرىگە چاقىرتىپ چىقىپ، ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، تيەن جيايىڭغا ئوقۇتۇپ، ئۆزى ئىزاھ بېرىپ ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ماۋ زېدۇڭ «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش» (يەنى «كېپتابازلىققا قارشى تۇرايلى») دېگەن ماقالىنى ئىزاھلىدى. چۈشەندۈردى ۋە جارى قىلدۇردى. شۇ كۈنى كەچتە ماۋ زېدۇڭ تيەن جيايىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنىڭ ۋاقتىنى 5 - ئايغىچە ئۇزارتىش، جياڭسۇغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، ئۈچ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ، 20 نەچچە كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئۈچ نۇقتىدا ئىشلەپ كۆرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز جياڭسۇغا بارماستىن، جېجياڭدا داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق.

گۇاڭجۇ يىغىنى مۇھىم يىغىن بولدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ گېپى بىلەن باھا بەرگەندە، بۇ — گۇڭشېلاشقاندىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېتتىكى يولداشلار تۇنجى قېتىم بىللە ئولتۇرۇپ يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە ھەل قىلغان يىغىن بولدى. گۇاڭجۇ يىغىنىنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى خەلق گۇڭشېسى توغرىسىدىكى «60 ماددا» نى تۈزۈپ چىققانلىقى بولدى.

«60 ماددا» كەڭ ئاممىنىڭ ۋە كادىرلارنىڭ پىكرىنى ۋە تەلىپىنى مەركەزلەشتۈردى. ئەمما ئۇ توغرىمۇ. توغرا ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ؟ ئاقامدۇ - ئاقمامدۇ؟ يەنە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قانداق مەسىلەر بار بۇنى ئامما ئارىسىغا قايتىدىن ئاپىرىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىشقا. ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ماۋ زېدۇڭ ئەزەلدىن بېرى تەكىتلەپ كەلگەن ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش خىزمەت ئۇسۇلىدۇر. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

رىشىت ۋاھىدى تەرجىمىسى



▲ تۇز، پىسىڭ چوغ تارتىش




▲ كېسەللىنى يوشۇرماق ۋېيلە سىزغان



▲ ئايلانما يۈنىلىش لياڭ يۈمىي سىزغان



▲ دادا قاراڭ، ئاۋۇ بىزنىڭ مۇئەللىمنىڭ ئۆيى ژۇ شىنبىن سىزغان



▲ ھاشىمغا قاراپ مېڭىش



▲ "ئەكس سادا" يالڭ شىكېن سىزغان

# مائارىپ سېپىدىكى جەڭگىۋار قوشۇن





ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ ۋە ئىرىشىپ ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە، ئوبلاستلىرىدىن كەلگەن تايانچ ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتۇش مېتودى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ، تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ، ئۆز تەتقىقاتلىرى ئۈستىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ھەمدە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئەركىن ئىمىن فوتوسى ۋە خەۋىرى

⇩ ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، تيانشان رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، تيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ھەلىمە سوپى (ئوتتۇردا) ياش ئوقۇتقۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

⇧ تيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداشلار خىزمەت ئۈستىدە سۆھبەتلەشمەكتە.





⇧ ئۈرۈمچى شەھەر بويىچە «ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىختىساسلىق خادىم»، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئايشەم بەيزۇللا تەتقىقات ئۈستىدە.

⇩ تيانشان رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپچى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى رەيھان ھەمزە (ئوتتۇردا) ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىمەكتە.

⇨ ئۈرۈمچى شەھەر بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپچى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى خەيرىنىسا جېلىل ئۆلگىلىك دەرس ئۆتۈشكە يېتەكچىلىك قىلماقتا.





# فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما



● تارىم توغراقلىغى     ماشىڭكېي فوتوسى



● نىلۇپەر     گاۋ يۈەن فوتوسى



● ئاق قېيىن     شۈي جۈن فوتوسى



⇦ مۇزلۇق     سالام ئابدۇراخمان فوتوسى



● گۈزەل يايلاق
ئابدۇقادىر مىجىت
فوتوسى